*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمئىيىتىنىڭ ئاممۋىي ـ سىياسىي گېزىتى

Общественно - политическая газета
Общественного объединения уйгуров
“Иттипак” Кыргызской Республики

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 9 (887, сентябрь, 2021 г.

2021ـيىل، مىزان 9ـ سان (887)

-Газета издается с марта 1994 года

## В НОМЕРЕ:



*В единстве - сила*
*Стр. 3.*



*Юбилейная выставка*
*Сабиджана Бабаджанова*
*Стр. 8.*



*Тарихчи, әдиб*
*Турғун Алмас*
*10, 15 - бәтләр*



*Нәсирдин Давутниң*
*туғулғиниға 80 жил*
*12-бәт*



*Сабит Шамсидинов -*
*обладатель золотой медали*
*Стр. 16.*

# Новый учебный год начался в традиционном режиме

## قىرغىزستاندا يېڭى ئوقۇش يىلى ئەنئەنىۋى سىستېمىسىدا باشلاندى




Новый учебный год в Кыргызстане начался 15 сентября. Раньше в средствах массовой информации было сообщено решение кабинета министров КР, что новый учебный год начнётся в традиционном режиме 15 сентября. Недавно, данное решение подписал Председатель Кабинета министров нашей республики Улукбек Марипов. Данное решение Правительства о переносе начала нового учебного года связано с пандемией коронавируса, вакцинизации, продление туристического сезона и по настоятельной просьбе родителей учащихся средних образовательных школ, но и также студентов ВУЗов и колледжей. Таким образом, новый учебный год начался 15 сентября 2021 года и завершится 8 июня 2022 года. Решение может быть пересмотрено через несколько лет в зависимости от общественно-политической ситуации.

**Пресс-служба ИА 24.kg .**
*Фото Павла Мокина.*

قىرغىزستاندا يېڭى ئوقۇش يىلى 15 ـ سېنتەبر كۈنى باشلاندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مىنىستىرلار كابىنېتى 15 ـ سېنتەبردىن باشلاپ مائارىپ ئاپپاراتلىرىدا پات ئارىدا ئوقۇش يىلىنىڭ «ئەنئەنىۋى ھالەتتە» باشلىنىدىغانلىقىنى قارار قىلغان ئىدى. يېقىندا بۇ قارارغا قىرغىزستان ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى ئۇلۇقبېك مارىپوۋ ئىمزا قويدى. بۇ قارار تاجىسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىش ۋە پۇقرالارغا ۋاكسىنا ئەملەش، تۇرىزىم سېزون ۋاقتىنىڭ ئۇزارتىلىشى، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەلىۋىي بىلەن ئۇزارتىلدى. ئوقۇش يىلىنىڭ باشلىنىشىنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى مەكتەپلەرگىلا ئەمەس، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە كولىدجلارغىمۇ تېگىشلىك. شۇڭا ئوقۇش مەۋسۇمي 15 ـ سېنتەبر كۈنى باشلىنىپ، 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ.

مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ باشلىغى ئۇلۇكبېك مارىپوۋنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بىر يېرىم يىل تور ئارقىلىق ئوقۇتۇش سەۋەبىدىن مائارىپنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

**«24 ئاخبارات» تورى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ПОЗДРАВЛЯЕМ С 50-ЛЕТИЕМ

*Для каждого сознательного человека является честью служение своему отечеству, народу и обществу.*

*Патриотизм является основой жизнеспособности государства и выступает в качестве внутреннего мобилизующего ресурса развития общества, активной гражданской позиции личности, готовности её к служению на благо Отечества.*

*Без уважения к собственной истории, к традициям, переданным старшим поколением нельзя вырастить достойных граждан.*

*Вот уже более 30 лет Общественное объединение уйгуров «Иттипак» КР успешно ведет свою деятельность в составе Ассамблеи народа Кыргызстана (АНК). Общество «Иттипак» является одним из крупных и активных этнокультурных центров АНК.*

*В сентябре 2021 года исполнилось 50 лет нынешнему председателю Общества «Иттипак» - Касымову Аскару Тумурчиновичу, избранный председателем Общественного объединения уйгуров «Иттипак» КР на IX Курултае уйгуров КР в 2019 году.*

*Народ говорит об Аскаре Тумурчиновиче как о руководителе с большой буквы, отличающимся профессионализмом и высокой компетентностью в служебных вопросах, касаются ли они экономического или юридического права. Понятно, что руководителями не рождаются, ими становятся, поднимаясь по карьерной лестнице. Однако, отметим закономерность: лидеры заметны с юных лет. Вести за собой людей по плечу лишь инициативным, активным, неординарным. Именно такой и является наш председатель.*

*Народ, общество, дает объективную оценку тем или другим людям исходя их отношением к своему народу, обществу. Всё познается в жизни, на практике.*



*В данной статье мы хотим рассказать об Аскаре Тумурчиновиче в связи с его 50-летием.*

*Аскар Тумурчинович - родился 8 сентября 1971 года в с.Ново-Покровка, Чуйской области, Ысcык-Атинского района в многодетной семье дехкан. Отец - Тумурчин Касымов, мама – Рабия Касымова.*

*Аскар Касымов окончил Ново-Покровскую общеобразовательную школу №3.*

*Образование - высшее, по специальности юрист. 2019 году заочно окончил Международную академию управления, права, финансов и бизнеса. Женат. Имеет двух дочерей и 5 внуков. Помимо своей основной работы Аскар Касымов занимается общественной работой своего села. Уже много лет (с 2012 года и по сей день) он является депутатом местного Аильного кенеша с. Ново-Покровка.*

*В 2019 году, на очередном IX Курултае уйгуров КР Аскар Касымов был избран председателем Общества уйгуров «Иттипак». Он успешно продолжает деятельность предыдущих председателей Общества «Иттипак».*

*Мы должны подчеркнуть то, что за эти два года председательствования Обществом, Аскар Касымов провёл немало общественно-политических культурных мероприятий. Дает много интервью в СМИ. Активно участвовал и участвует в различных мероприятиях Ассамблеи народа Кыргызстана. За активное участие в деятельности АНК Аскар Касымов пользуется заслуженным авторитетом как высокий профессионал, наделенный человеческими и душевными качествами.*

*Все это — свидетельство его профессионализма.*

*Поздравляя с 50-летием Аскара Касымова - мы в первую очередь пожелаем ему крепкого здоровья, семейного благополучия и больших успехов в деятельности на посту председателя Общества «Иттипак» КР.*

*50 лет — это возраст, в котором счастливо сочетается энергия, свойственная людям в расцвете сил, и опыт — профессиональный и человеческий.*

**Абдурахим Хапизов,**
*отличник образования,КР.,*
*магистр политических наук.*
*Фото автора.*

**Иттипак**
**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
Зумрат Рузиева زۇمرەت رۇزىېۋا
**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
Акбаржан Баудунов ئەكبەرجان باۋۇدۇن
Абдурахим Хапизов ئابدۇرەخىم ھاپىزى
**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
Музаппархан Курбанов مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
Мухаммеджан Ясынов مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
Осман Турдиев ئوسمان تۇردىيېۋ
**Дизайнер - верстальщик:** دىزاينېرى - ۋېرستالشىكى:
Зумрат Рузиева زۇمرەت رۇزىېۋا
**Набор текста:** تېكىستنى نابور قىلغان:
Зайтуна Рузиева زەيتۇنەم رۇزىېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.
گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىئاللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**
ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيتى
**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**
**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №1472, тираж 3300**
**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78 инд. :720040**
**Тел.: 62-04-50 66-40-04**

# В ЕДИНСТВЕ – СИЛА

Ассамблея народа Кыргызстана - уникальная массовая общественная организация, своего рода «народный парламент». Это первая такого рода самобытная организация на пространстве СНГ, вызванная к жизни вызовами времени. По ее примеру стали создаваться народные ассамблеи в других странах Содружества. Но к чести АНК они все выдержали ту модель и парадигму жизнедеятельности, которые были заданы именно в Кыргызстане. Эти процессы были проанализированы с научной точки зрения в работах молодого этнолога и политолога Гюзаль Абдуллаевой. В отличие от других «народных парламентов» в названии АНК слово «народ» дано в единственном числе – Ассамблея народа Кыргызстана. В этом заложен смысл единения разных по культуре и языку, но единых по гражданской идентичности этносов нашей республики.




23 сентября в городе Каракол прошел фестиваль «Единый народ – сильная страна», посвященный представлению генеральной миссии АНК. Фестиваль был приурочен к 30-летию независимости Кыргызстана, 120-летию Ж. Абдрахманова, К. Тыныстанова, Х. Карасаева, Дню государственного языка. В работе фестиваля приняли участие председатель АНК А.Э. Эркебаев, Полномочный представитель Президента КР М. Кожоев, все национально-культурные центры Прииссыккулья.

Во время фестиваля были продемонстрированы национальные кухни и одежда разных этносов, а также был дан концерт силами таких известных гостей из Бишкека, как С. Каримов, З.Мейзер и др. Фестиваль продемонстрировал, что этнокультурное разнообразие – это важный ресурс развития страны, потенциал которого далеко не востребован. Участники праздника сошлись во мнении, что этническое и гражданское должны взаимно дополнять друг друга и служить идее развития сильного и единого Кыргызстана.

**Сайфулла Абдуллаев,**
**г. Каракол, Иссык-Кульская область**

## Возрождение Уйгурской гастрономии

19 сентября в Алма-Аты были подведены итоги конкурса «Уйгур таамлири» что в переводе обозначает «Уйгурские блюда». Следует отметить, что данный Всемирный конкурс проводился в онлайн формате. В данном конкурсе принимали участие уйгуры со всего мира, а точнее из 32 -стран. Организаторами конкурса выступила инициативная группа, объединенная единой целью - «Сохранение и возрождение национальной уйгурской гастрономии». Возглавляет группу Еркин Идбимин.

На конкурсе было представлено множество уйгурских блюд: салаты, выпечка, десерты, деликатесы и другое. Оценочная комиссия состояла из авторитетных специалистов со всего мира и выразила свое довольство качеством и разнообразием представленных блюд.

По словам Еркин Идбимина, более 3-х лет назад в социальных сетях была создана группа «Уйгур таамлири». Основной задачей группы является не только сохранение и возрождение уйгурской кухни, но и развитие уйгурского языка и культуры в целом. Впервые подобное мероприятие 2019 году проводилось и было пилотным. В этот раз конкурс был проведен на высоком уровне. Так как было заявлено огромное количество участников, все они были разделены на 4 группы, и в каждой выбирали своего победителя. Европа, США и Канада - 1 группа; Турция, Саудовская Аравия, Пакистан и Узбекистан - 2 группа; Кыргызстан, Казахстан, и Россия - 3 группа. |

В данном конкурсе Кыргызстан представляла Маматалиева Турахан и заняла первое место. Турахан ана, выступала в номинации «Давно забытые блюда». Она приготовила серию блюд, которые готовила ее бабушка в далекие 40-е годы прошлого века в городе Кульджа.



**Маматалиева Турахан Хазратовна** родилась в 1934 году в городе Кульджа, в семье дехканина. В 1955 году она с родителями переехала в Алма-Атинскую область Казахстана, в поселок Чилик, а уже в 1972 переехали в Бишкек и по сей день проживают в столице Кыргызстана. Турахан Хазратовна воспитала 5 детей, и имеет 18 внуков и 38 правнуков! Встречая своих детей и внуков, свои 87 лет, она сама готовит для них блюда и даже печет хлеб в тандыре! Любовь к родной кухне, родному народу и народным традициям Турахан ана привила и своим детям. Сейчас ее сыновья являются поварами высшей категории, а дочери рукодельницы. |

В заключении, хотелось бы отметить, что подобные мероприятия значительно повышают интерес к изучению родной истории и культуры. В настоящее время, учитывая темпы глобализационных процессов, а также некоторые формы давления, народам очень трудно сохранить свои корни.

**Феруза**

## Йеңи жигитбеши сайланди

Көп жиллардин бери Атай Огонбаев мәһәллисиниң жигитбеши Шайәхмәт Саражиевниң истипаға чиқиши мунасивити билән, йеқинда мәһәллә җамаәтчилиги көпчилик аваз мәһәллиниң йеңи жигитбешиға Халмурат Қәмәрдиновни сайлиди.



**Қәмәрдинов Халмурат Якубҗан** оғли 1963-жили Тәшкәнт вилайити, Янгийүл наһийәсиниң Шурали Сай йезисида туғулған. 1975-жили ата-аниси билән Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә көчүп кәлгән. Оттруа техникилиқ билимгә егә. Совет сода-сетиқ техникумини түгәткән. Тиҗарәтчи. Өйләнгән. 3 балиси бар. Аяли – Мәдинә өй ичи билән бәнд.

*Илавә*

*Шайәхмәт Шамуһәммәт оғли Саражиев 1992-жилдин башлап Атай Огонбаев мәһәллиси жигитбешиниң орунбасари болуп, та 2002-жилиғичә ишлигән. 2002-жилидин башлап мошу мәһәллиниң жигитбеши болуп ишлигән.*

*Шайәхмәт Шамуһәммәт оғли Қирғизстан уйғурлириниң һөрмәтлик ақсақили. У мәһәллә жигитбеши сүпитидә көп жиллардин бери «Иттипақ» җәмийитимиз уюштурған иҗтимаий-сәясий вә мәдәний паалийәтлиригә актив қатнашқан вә қатнишиватқан һөрмәтлик вә вәтәнпәрвәр адәмлиримизниң бири.*

*Әнди биз йеңи сайланған мошу мәһәллиниң жигитбеши Халмурат Яқубҗан оғлини бу лавазим билән тәбрикләймиз вә униңға хәлқимизниң, җамаәтчилигимизниң қизиқчилиғиға қаритилған келәрки аийҗанаб вә җавапкәрлик паалийитигә көп утуқларни тиләймиз.*

**Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң мәркизий кеңиши.**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# «Уйғур сот коллегияси» ниң 2-қетимлиқ гуваһлиқ аңлаш жиғини дунияниң диққитини уйғурларға қаратти

Даңлиқ кишилик һоқуқи адвокати Җеффри Найис башчилиғида Әнглия пайтәхти Лондон шәһиридә қурулған «Уйғур сот коллегияси» ниң иккинчи қетимлиқ вә шундақла ахирқи қетимлиқ гуваһлиқ аңлаш жиғини 9-сентәбир күни рәсмий башланди. «Уйғур сот коллегияси»ниң адвокати Һамид Саби мәзкур жиғинға җәми 27 мутәхәссис вә сәккиз гуваһчиниң қатнишидиғанлиғини уқтурди.

«Уйғур сот коллегияси» ниң тор бетидики мәлуматларға қариғанда, «Уйғур сот коллегияси» һечқандақ маддий пайда алмайдиған йәттидин артуқ адвокат вә мутәхәссисләрдин тәркиб тапқан бир сот коллегияси екән. Мәзкур сот коллигеяси һечқандақ бир дөләт, тәшкилатқа бағлиқ болмиған мустәқил сот коллегияси болуп, сот әзалириниң уйғурларниң һоқуқини қоғдайдиған сәясий паалийәтчиләр әмәслиги алаһидә әскәртилгән.

Җеффри Найис әпәнди жиғинниң ечилиш сөзидә «Уйғур сот коллегияси» ниң мәқсити һәққидә тохталди. Униң ейтишичә, мәзкур мустәқил сот коллегиясиниң мәқсити бу жил 4-июнь күнидин 7-июнь күнигичә өткүзүлгән тунҗи қетимлиқ гуваһлиқ аңлаш жиғини вә нөвәттә өткүзүливатқан иккинчи қетимлиқ гуваһлиқ аңлаш жиғинида топланған Хитай һөкүмитиниң уйғурларға қаритилған кишилик һоқуқ дәпсәндичиликлиригә даир дәлил-испатларға тайинип, хитай һөкүмитиниң «ирқий қирғинчилиқ» җинайити үстидин қарар чиқириш керәк.

Иккинчи қетимлиқ гуваһлиқ аңлаш жиғини жиғин күнтәртиви бойичә Лондон вақти чүштин бурун саат тоққузда башланди. Алди билән австралийәлик Меһриай Мезенсов ханим Хитай һөкүмити тәрипидин 25 жиллиқ қамаққа һөкүм қилинған йолдиши Мирзат Таһир һәққидә гуваһлиқ бәрди. Униң ейтишичә, йолдиши Мирзат Таһир тунҗи қетим 2017-жили, 4-айда туткун қилинған вә униң өткән жили 9-айда 3-қетим қайта туткун қилинип, бу жил 4-айда 25 жилға кесилгән. У йәнә мундақ деди: «Йолдишимдин вә башқа гуваһчилардин аңлишимчә, улар (түрмидә вә яки лагерда) өзиниң кимлигини, динини, мәдәнийитини инкар қилишқа мәҗбур қилинидикән. Йәни, уларни хитайлаштурушқа урунидикән».

Мәзкур сот коллегиясиниң адвокатлири вә мутәхәссисләр Меһриай ханимдин йолдиши һәққидә вә йолдиши тутуп турулуватқан түрмә системиси һәққидә наһайити инчикә соалларни сорашти.




Униңдин кейин Японийдә турушлуқ Халмәт Розахун юртидики акиси арқилиқ хитай даирилиридин тапшурувалған Хитайниң видеолуқ тәһдити һәққидә гуваһлиқ бәрди. Халмәт әпәнди Хитайниң чәт әлләргә созулған қара қоли арқилиқ өзигә охшаш муһаҗирәттики уйғурларға һәр түрлүк бесим қиливатқанлиғини билдүрди.

Униңдин кейин мутәхәссисләрдин көп жиллардин бери уйғурлар һәққидә тәкшүрүш вә тәтқиқат билән шуғуллинип келиватқан уйғур кишилик қурулушиниң тәтқиқатчиси доктор Әлиза Андерсон гуваһлиқ бәрди. Доктор Әлиза Андерсон UHRP ниң 2020-жилдики «Идеявий өзгәртиш» докладида хуласиләнгән мәзмунлар һәққидә тохталди. Мәзкур доклад Хотәнниң қарақаш наһийәсидики кәң көләмдә туткун қилиш һәққидә ашкариланған һөҗҗәтләрни асас қилған.

У мундақ деди: «Хотәнниң Қарақаш наһийиәсидики Бостан йезисидинла 311 киши тутулған. Тутулған кишиләрниң һәммиси уйғурлар. Хитай даирилири уйғурлар әркин дәп тәшвиқ қиливатиду, лекин уйғурлар әркин әмәс».

Әлиза ханимдин кейин Шефилд университетиниң Шәрқий Асия тәтқиқати оқутқучиси Девид Тобин әпәнди Хитайниң Уйғур районида уйғурларни асас қилған түркий милләтләргә қаритилған җинаий қилмишлириниң қурулмиси һәққидә тохталди. У Биңтүән- «Шинҗаң ишләп чиқириш вә қурулуш армияси» ниң роли вә бу райондики уйғурларға қаритилған бастуруш сәясәтләрни қандақ йолға қойғанлиғини чүшәндүрүп бәрди.

Адвокат вә кишилик һоқуқ паалийәтчиси Тең Бяв әпәнди Хитайниң тарихидин буянқи кишилик һоқуқ дәпсәндичиликлири вә аз санлиқ милләтләргә жүргүзүватқан зиянкәшликлири һәққидә тохталди. У җаза лагерлири, аталмиш ‹кәспий тәрбийәләш мәркәзлири’ ниң һәммисидә һәр хил қийнаш усуллирниң мәвҗутлиғини, лекин Уйғур районидики җаза лагерлириниң әң вәһший орунлар екәнлигини, бу җайларда басқунчилиқ вә җинсий хорлаштүрлириниңумумиййүзлүк мәвҗутлиғини тәкитлиди.

Йеқинда нәширдин чиққан «Қизил қиямәт» намлиқ китапниң автори Абдулһәким Идрис әпәнди Хитайниң ислам дуниясини мустәмликә қилиши вә уйғур қирғинчилиғи һәққидә мәлумат бәрди. У хитайниң ислам әллиригә мәбләғ селиш арқилиқ уларниң уйғур мәсилисигә қарита «сүкүт қилиши» ни сетивалғанлиғини мисаллар билән шәрһийләп өтти.

Хәлиқара кишилик һоқуқни күзитиш тәшкилати хитай ишлири бөлүминиң тәтқиқатчиси Мая Ваң ханим пәқәт авазлиқ гуваһлиқ бәрди. У Уйғур автоном районидики кәң көләмлик назарәт қилиш системиси болған «Универсал бирләшмә мәшғулат суписи (IJOP)» һәққидә гуваһлиқ бәрди. Униң ейтишичә, IJOP системиси мәхсус уйғурларниң санлиқ мәлуматлирини жиғиш вә сақлашқа ишлитилидикән. У Хитай һакимийитиниң қандақ қилип, жуқири техникилиқ назарәт системиси арқилиқ уйғурларни контроль қилип, уйғур районини үсти очуқ түрмигә айландурғанлиғини тәпсилий чүшәндүрди.

У йәнә мундақ деди: «Һәр бир уйғур өзиниң ‹гунаһсиз’ лиғи испатланғанға қәдәр ‹гунаһкар’ дәп қаралған.»

Жиғин күнтәртиви бойичә, әң ахирида гуваһлиқ бәргүчи Америка-Хитай мунасивити һәққидики тәтқиқатлар нәшир қилинидиған тор журнили «Хитай һөҗҗәтлири» (ChinaFile) ниң алий муһәррири Җесика Батке ханим болуп, у Хитай компартиясиниң умумий қурулмиси һәққидә мәлумат бәрди.

У йәнә мундақ деди: «|Уйғур автоном районидики хитай компартиясиниң жуқири дәриҗилик органлирида уйғур кадрларға орун йоқ. Жуқири орунларниң һәммисидә хитайлар һоқуқ тутиду. Бу узундин буян давамлишип келиватқан адәт. Униңдин башқа, ата-анисиниң һәр иккиси лагерда тутуп турулған балилар ятақлиқ мәктәпкә елип кетилиду. Хитайниң башқа һечқандақ җайлирида бундақ ятақлиқ мәктәп йоқ. Бу пәқәт уйғур тилини чәкләп, уйғур балилириниң пәқәтла хитайчә сөзлишигә капаләтлик қилишни мәқсәт қилған бир система. Аталмиш ‹намратлиқтин қутулдуруш’ һәрикити пәқәт мәҗбурий әмгәкниң бир хил шәкли, дәпсөзинитамамлиди.

**Нуриман**

# «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى

ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى لوندون شەھرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ۋە شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى 13-سېنتەبىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. ئالدىنقى قېتىملىق پروگراممىزدا «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» ۋە مەزكۇر گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى ھەققىدە قىسقىچە توختالغان ئىدۇق. تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، 4 كۈن داۋاملاشقان مەزكۇر گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنىدا 27 نەپەر مۇتەخەسسىس ۋە سەككىز نەپەر گۇۋاھچى گۇۋاھلىق بەردى.

11-، 12-سېنتەبىر كۈنلىرى گۇۋاھلىق بەرگەن مۇتەخەسسىسلەر ئىچىدە «پۇل-مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» نىڭ سابىق خىزمەتچىسى, «شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇش» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى كىرىستىيان تايلور, رائۇل ۋاللېنبېرگ كىشىلىك ھوقۇق مەركىزىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى يوناھ, ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى نەيسېن رۇسىر, يىگىدىن نەشىردىن چىققان «مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى ئامېرىكالىق ژۇرنالىست ۋە يازغۇچى جېففرېي كەين، ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگ دارىرىن بايلىر قاتارلىق ھەر ساھە كىشىلىرى بار بولۇپ, ئۇلار ناھايىتى مۇھىم دەلىل-ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدا تۇغۇت دوختۇرى بولغان بىر خانىمنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا يۈرگۈزۈلىۋاتقان تۇغۇت كونتروللى نەتىجىسىدە 7 ئايلىقتىن يۇقىرى ھامىلىنىڭمۇ رەھىمسىزلەرچە ئېلىۋېتىلگەنلىكى ھەققىدە ئېيتقانلىرى, يىغىن ئەھلىنى قاتتىق ئېچىندۇردى.

لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىققان ئۇيغۇر ۋە قازاق شاھىتلار لاگېردا يۈرگۈزۈلىۋاتقان قىين-قىستاقلارنى ناھايىتى تەپسىلىي ئاڭلاتتى. يىغىننىڭ ئاخىرقى كۈندىكى گۇۋاھلىقلار ۋە سوئال-جاۋابلار ناھايىتى جىددىي بولدى. غۇلجا شەھرىدىكى مەلۇم لاگېردا 15 ئاي ياتقان قازاقىستانلىق لاگېر شاھىتى گۈلزىرە ئاۋۇلقان قىزى لاگېردا قىز-ئاياللار دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر جىنسىي خورلۇقلار ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى. خىتاينىڭ قانۇنسىز ئادەم ئورگانلىرى ئەتكەسچىلىكى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەنگلىيەلىك مۇتەخەسسىس ئېتان گۇتمان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئورگان ئەتكەسچىلىكى ھەققىدە توختالدى.

«ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ بىرىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنىدا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئاستا خاراكتېرلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز ئەپەندى بۇ قېتىممۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئادۋوكاتلار، مۇتەخەسسىسلەر، يىغىن باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئادرىيان زېنزنىڭ تەتقىقاتى ھەققىدە ئىنچىكە سوئاللارنى سوراشتى. جېففرېي نايس ئەپەندى مەزكۇر يىغىننىڭ كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلارغا تايىنىدىغان مۇستەقىل سوت كوللېگىيەسى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى.

يىغىن جەريانىدا ئادۋوكاتلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە گۇۋاھچىلاردىن تەرەپسىز ھالدا ناھايىتى مۇھىم سوئاللارنى سوراشتى. «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» دە بېرىلگەن ئىسپاتلار CNN قاتارلىق داڭلىق خەلقئارالىق ئاخبارات قاناللىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

خىتاينىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جېڭ زېگۇئاڭ 10-سېنتەبىر كۈنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تور ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى» دا مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نى «خىتاينىڭ نامىنى سېسىتىشنى مەقسەت قىلغان» دەپ ئەيىبلىگەن. ھەتتا باش ئەلچى جېڭ زېگۇئاڭ ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىن بۇ «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نى توختىتىلىشنى تەلەپ قىلغان.

«ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ ئادۋوكاتلىرىدىن بىرى بولغان خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى ھەمىت سابىت 12-سېنتەبىر كۈنى خىتاي باش ئەلچىسىگە ئوچۇق خەت يازغان. ئۇ خېتىدە «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ مەقسىتى خىتايغا قارشى تۇرۇش ئەمەس, بەلكى ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئىكەنلىكى، خىتاي تەرەپنىڭ 13-سېنتەبىرگىچە ئېچىلىدىغان مەزكۇر سوتقا قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ پىكىرىنى ۋە ئىسپاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، خىتاي ئەلچىخانىسى تەرەپتىن ھېچكىم سوت كوللېگىيەسىنىڭ يىغىنىغا قاتناشمىغان.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ بىرىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى باشلىنىشتىن بۇرۇنمۇ بېيجىڭدا مەخسۇس ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نى غەربنىڭ خىتايغا قارشى كۈچلىرى قۇرغان «قانۇنسىز سوت مەھكىمىسى» دەپ ئەيىبلىگەن ئىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا مەزكۇر يىغىنغا نەق مەيداندىن قاتناشقان بولۇپ، يىغىن ئەھۋالى ھەققىدە تېلېفون زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «خىتاي دائىرىلىرى بۇ قېتىم رەسمىي شەكىلدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىن مەزكۇر سوتنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ ھۆكۈمدىن قانچىلىك ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ».

ئېگىلىشىمىزچە، «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» خادىملىرى گۇۋاھچىلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللارنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىدىكەن. يىغىنغا قاتناشقان گۇۋاھچىلار ئەگەر كام قالغان ماتېرىياللىرى بولسا قايتا تولۇقلاپ ئەۋەتىپ بەرسە, گۇۋاھلىق بېرىشنى خالايدىغانلار بولسا «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدىكەن.

مەلۇم بولغىنىدەك, «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ مەقسىتى-خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە دائىر توپلانغان دەلىل-ئىسپاتلارغا ئاساسەن, خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» جىنايىتى ئۈستىدىن قارار چىقىرىش ئىكەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بارلىق گۇۋاھچىلارنىڭ يازما گۇۋاھلىقى «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ تور بېتىگە قويۇلغان بولۇپ, بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنىنىڭ نەق مەيداندىن تارقىتىلغان سىن كۆرۈنۈشى «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ يۇتۇب قانىلىدا ساقلانغان.



نۇرئىمان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## Қазақстандики уйғур вә қазақ паалийәтчилири «Уйғур сот коллегияси» ниң гуваһлиқ нәтиҗилирини күтмәктә

Йеқинда Әнглия пайтәхти Лондонда өткән «Уйғур сот коллегияси»ниң иккинчи қетимлиқ гуваһлиқ аңлаш жиғинининиң дунияни һәр қайси мәмликәтлиридин, уйғур вә қазақ лагерь шаһитлириниң бу қетимқи гуваһлиқлириму Қазақстандики уйғур вә қазақ паалийәтчилиридә вә иҗтимаий таратқуларда күчлүк инкас қозғиди.

Дуния уйғур қурултейиниң Қазақстандики мәслиһәтчиси, Қазақстан журналистлар иттипақиниң әзаси Риза Сәмәди әпәнди мундақ деди: «Чүнки, бу сот хитай басқунчилирини, униң узун жиллардин бери уйғур, қазақ вә башқа милләтләргә қарита инсанийәт тарихида көрүлмигән вәһшийликләрни әмәлгә ашуруватқанлиғини



хәлиқара қанун-қаидә бойичә сотқа тартти. Мана бу хәлқимизниң узун жиллардин бери қилип келиватқан арзу-армини еди. Йәнә бир әһимийәтлик тәрипи, хитай истилалчилириниң уйғур хәлқигә қарита иркий қирғинчилиқ җинайитини инкар қилип болмайдиған әмәлий дәлил-испатлар арқилиқ дуния җамаәтчилигигә көрситип бәргәнлиги болди».

Риза Сәмәди уйғур сотиниң утуқлуқ өтүшиниң хитай мустәмликичилирини алақзадә қилип, интайин еғир әһвалға чүшүрүп қойғанлиғини тәкитлиди.

Сәясәтшунас Қәһриман Ғоҗамбәрди әпәнди бу жили Лондондики һәр икки сотниң мувәппәқийәтлик өткәнлигини, уларниң нәтиҗилирини чиқириш үчүн йетәрлик дәлил-пактларниң жиғилғанлиғини көрситип, мундақ деди: «Бу сот Мәркизий Асиядики, шу җүмлидин Қазақстандики уйғурларға, аңлиқ уйғурларға зор тәсир қилди. Чүнки, асасий хәлқимиз йезиларда турғанлиқтин интернет мәсилиси бар, көпи тиңшалмайду, қаралмайду. Бу сотниң әһимийити шуниңдики, хитайниң уйғурларға қаратқан сәясийитиниң һәммә саһалири паш болди. Униң үстигә күчлүк дәлил-испатлар болди. Шу җүмлидин, Қазақстандики гуваһчилар лагерлардики һәқиқий вәзийәтни пактлиқ ейтип бәрди. Бу сот көплигән мутәхәссисләрниң илмий дәлилий-пактлири, буму уйғурларға тәсир қилди, җүмлидин Оттура Асиядики уйғурларда милләтниң кәлгүсигә бир ишәнч һасил қилди.

Қәһриман Ғоҗамбәрди буниңдин кейинму Хитайниң уйғурларға қаратқан иркий қирғинчилиқ сәяситиниң өзгәрмәй, давам қилидиғанлиғини тәкитлиди.

**Ойған**

## Йеңи Зеландия һөкүмити «Магнитский қануни» ни қоллашқа чақирди

Уйғур дияридики иркий қирғинчилиқ хәлиқарада чоң темилардин болуватқан болуп, йеқинда Йеңи Зеландия һөкүмитиму мошу мәсилә һәққидә «Магнитский қануни» ни иҗра қилишқа чақирди.



«Хитай һәққидики хәлиқара парламентлар бирләшмиси» ниң тор бетидә елан қилинған очуқ мәктуптә Йеңи Зеландия парламентиниң әзалиридин Луиза Вал вә Саймон Коннор бирликтә Йеңи Зеландия баш министри Жейсинда Ардерн вә ташқи ишлар министри Наная Махутаға «Бизниң әнди ‹Магнитский қануни’ни тонуштурушимиз зөрүр болуватиду» дегән. Мәлум болушичә, бу мәктуп Австралия һөкүмити өзлириниң мәзкур қанун лайиһәсини иҗра қилишни ойлишиватқанлиғини елан қилғандин кейинла оттуриға чиққан.

Мәктуптә «Хитай һөкүмити нөвәттә уйғурларға иркий қирғинчилиқ қиливатқанлиғининиң көплигән пактлири оттуриға чиқиватиду. Америка қатарлиқ дөләтләр бу қирғинчилиққа шерик әмәлдарларға җаза елан қиливатқанда, бизниңму мошундақ бир қанун лайиһәсини қоллинишимиз зөрүр болуватиду» дейилиду.

Мәктуптә йәнә алаһидә қилип Йеңи Зеландияниңму дуния демократиясини һимайә қилиш мәҗбурийитиниң барлиғи, Хитай һөкүмити мошундақ ашкарә һалда инсанийәткә қарши җинайәтләрни садир қиливатқанда Йеңи Зеландия һөкүмитиниңму буниңға қарши қанун тәдбирлирини қоллиниши лазимлиғи тәкитлиниду.

**Әзиз**

## Мустафа Дәстичи: «Хитай түркий хәлиқләргә қарита иркий қирғинчилиқни елип бериватиду»

Қурулған күндин тартип түрк дуниясиға, болупму уйғур дәвасиға алаһидә көңүл бөлүп келиватқан Түркиядики бүйүк бирлик партиясиниң рәиси Мустафа Дәстичи әпәнди Тәйвән парламенти кишилик һоқуқ комитетиниң муавин баш кативи Өркәш Дөләт билән Дуния уйғур қурултейиниң муавин рәиси доктор Әркин Әкрәмни партия мәркизидә қобул қилған. У көрүшүштә Хитайниң уйғур, қазақ қатарлиқ түркий хәлиқләргә қарита иркий қирғинчилиқ вә мәдәнийәт қирғинчилиғи елип бериватқанлиғини, буниңға қарита түркий җумһурийәтлири билән мусулман дөләтләрниң ортақ инкас қайтуруши керәклигини тәкитлигән.

7-сентәбрь күни Бүйүк бирлик партиясиниң мәркизидә өткүзүлгән бу учришишта нуқтилиқ һалда уйғур мәсилисини қандақ қилип қайтидин дунияниң күнтәртивигә, болупму түрк вә ислам дунясиниң күнтәртивигә елип келиш мәсилиси тоғрисида музакирә елип берилған. Учришишқа Бүйүк бирлик партиясиниң түркий хәлиқләргә мәсъул муавин рәиси Али Кәсәр әпәндиму иштирак қилған.



Учришишта ДУҚ ниң муавин рәиси доктор Әркин Әкрәм әпәнди билән Өркәш Дөләт әпәнди Мустафа Дәстичи әпәндигә уйғурларниң һазирқи еғир вәзийити, уйғур дәвасиниң хәлиқарадики әһвали вә Түркияниң Оттура Асия түркий җумһурийәтлири билән бирликтә Хитайға қарши турушниң йоллирини аңлатти. Өркәш Дөләт әпәнди уйғурларни изчил қоллап келиватқан Бүйүк бирлик партиясигә бир уйғур әвлади болуш сүпити билән рәхмәт ейтидиғанлиғини билдүргәндин сирт, Түркияниң болупму, бүйүк бирлик партиясиниң Тәйвән билән һәмкарлишиши тоғрисидики тәләп-пикирлириниму оттуриға қойған.

Мустафа Дәстичи әпәнди мундақ дегән: «Биз Хитайниң Әнқәрәдики баш әлчисигә көп қетим «Сизләр Шәрқий Түркистан мәсилисини Түркия билән музакирилишиш арқилиқ һәл қилиңлар, бизниң партийәму буниңда вәзипә алсун. Болмиса бу мәсилә бирләшкән дөләтләр тәшкилатиниң, Европа Иттипақиниң вә Америка Қошма Штатлириниң мәсилисигә айлинип кетиду» дедуқ. Лекин, Хитайниң бесивалған земин Шәрқий Түркистандин чиқип кетиш нийити әсла болмиғачқа, у йәрдики уйғур вә қазақ қатарлиқ түркий хәлиқләргә қарита иркий қирғинчилиқ елип берип, уларни вә уларниң мәдәнийәтлирини пүтүнләй йоқ қилишни давам қиливатиду. Қисқиси, иркий қирғинчилиқ елип бериватиду.»

Мустафа Дәстичи әпәнди бундақ бир иркий қирғинчилиққа мусулман дөләтлириниң, болупму түркий җумһурийәтлириниң сүкүттә турмаслиғи керәклигини, бу тоғрилиқ Бүйүк бирлик партиясиниң қолидин кәлгәнни қилидиғанлиғини баян қилип мундақ дегән: «Буниңға түркий җумһурийәтлири ортақ инкас қайтуруши керәк, мусулман дөләтлириму шундақ қилиши керәк. Әпсуски, түрк дунияси билән ислам дунияси Шәрқий Түркистандики иркий қирғинчилиққа қарита сүкүттә турушни давам қилмақта. Биз алдимиздики күнләрдә түрк дуниясида һәм ислам дуниясида бу мәсилини техиму күчлүк авазда оттуриға қоюмиз.»

Бүйүк бирлик партияси Түркиядики кичик партияләрдин бирси һесаплансиму, әмма уйғур мәсилисидә бурундин тартип изчил һалда авазини чиқирип кәлмәктә. Ундақта, бу партия ислам вә түрк дуниясиға тәсир көрситәләрму? ДУҚ ниң муавин рәиси доктор Әркин Әкрәм әпәнди мәзкур партия башқа чоң партияләрдәк тәсир көрситәлмисиму, әмма мәлум дәриҗидә тәсири болидиғанлиғини баян қилди.

Мустафа Дәстичи әпәнди учришишта партиясиниң дунияниң һәр қайси җайлиридики Хитайға қарши дөләт вә гуруһлар билән һәмкарлишишқа тәйяр екәнлигини оттуриға қойған. Доктор Әркин Әкрәм әпәнди бу хил партияләр мусулман дөләтлиридә уйғур мәсилисини аңлатса, демократик дөләтләрниңму алқишлишиға еришәләйдиғанлиғини оттуриға қойди.

Түркиядә милләтпәрвәрлик идеясини илгири сүридиған Бүйүк бирлик партияси Милләтчи һәрикәт партиясидин айрилип чиққан Мухсин Язиҗиоғлу башчилиғидики 5 нәпәр парламент әзаси тәрипидин 1993-жили, 1-айниң 24-күни қурулған партиядур. Мәзкур партия қурулған күндин башлап, түркий милләтләрниң мәсилилиригә, болупму уйғур мәсилисигә алаһидә көңүл бөлүп кәлмәктә. Җаза лагерлири мәсилиси чиққандин кейинму Түркия парламентида вә өз партиясидә көп қетим мухбирларни күтүвелиш жиғинини чақирип, уйғурларниң һазирқи еғир вәзийитини оттуриға қоюп кәлмәктә.

**Әркин Тарим**

# پروفېسسور راگىپ قۇتاي قاراجا: «تۈركىيە ـ ـ خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان بېسىم سەياسىتىدۇر»

ئىستانبۇل ئايدىن ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كەسپى پروفېسسورى، دىپلوماتىيە تەتقىقاتى جەمئىيىتى مۇئاۋىن رەئىسى، تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى بىلەن تونۇلغان راگىپ قۇتاي قاراجا ئەپەندى «تۈركىيە بىلەن خىتاينىڭ دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 ـ يىلىدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە نەزەر ۋە كۆزقاراشلىرىمىز» ماۋزۇلۇق يىغىندا بەرگەن دوكلاتىدا، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ تۈركىيە ـ ـ خىتاي مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ ئاساسىي مەسىلە سۈپىتىدە تۇرىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تۈركىيەدە خىتايغا بولغان ئىجابىي كۆز قاراشنىڭ خىتاينىڭ تۈركىيەنىڭ يېقىن ئىستراتېگىيەلىك ئورتاقى بولغانلىقى، خىتايغا بولغان سەلبىي كۆز قاراشنىڭ بولسا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان بېسىم سىياسىتىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن راگىپ قاراجا ئەپەندى دوكلاتىدا تۈرك خەلقىنىڭ %50 نىڭ خىتاينى ئۇيغۇرلارغا بېسىم ئىشلىتىۋاتقان دۆلەت دەپ قارايدىغانلىقىنى، تۈرك خەلقىنىڭ كۆپىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەنپىي ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. راگىپ قۇتاي قاراجا ئەپەندى بۇلارنى ئۆزى ئېلىپ بارغان بىر راي سىناشقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. بىز بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات ئىگىلەش ئۈچۈن بۇ تەتقىقاتنى ئېلىپ بارغان راگىپ قۇتاي قاراجا ئەپەندى بىلەن تېلېفون سۆھبىتى ئېلىپ باردۇق.

راگىپ قۇتاي قاراجا ئەپەندى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە خەلقلەرنىڭ دۆلەتلەرگە بولغان كۆز قارىشىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەپسۇسكى پۈتۈن دۇنيادا تاشقى سەياسەت بەلگىلەيدىغان كىشىلەر ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتتە خەلقلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىنى نەزەرگە ئالمايدۇ. ئەگەر بۇلار نەزەردە تۇتۇلمىسا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. بۇلار ئىچىدە تارىخىي سەۋەبلەرمۇ بار، لېكىن ئەڭ مۇھىمى خەلقلەرنىڭ كۆز قارىشى».

ئۇ، تۈركىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقىدىكى سەۋەب تۈرك خەلقىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ مۇنداق دېدى: «تۈركىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقىدىكى سەۋەبنى تۈرك خەلقىنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشى دەپ قارايمەن. بىز بۇ ھەقتە بىر راي سىناش ئېلىپ باردۇق، سىناشقا قاتناشقانلارنىڭ %90 دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ۋە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن كىشىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ %5 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كىشىلەر ئىدى».

راگىپ قۇتاي قاراجا ئەپەندى راي بەرگەن كىشىلەرنىڭ %50 نىڭ خىتاينى ئۇيغۇرلارغا بېسىم سەياسىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەت دەپ قارايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز ئېلىپ بارغان بۇ راي سىناش تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. مەزكۇر راي سىناشقا قاتناشقانلارنىڭ كۆپى خىتاينى ئۇيغۇرلارغا بېسىم ئىشلەتتى دەپ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپتۇ. ئەگەر تۈركىيە بىلەن خىتاي دوست بولىمەن دەيدىكەن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. ئەگەر بۇ ھەل قىلىنمىسا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشى بولمايدۇ. تۈركلەرنىڭ %50 خىتاينى ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم قىلغان دۆلەت دەپ ياخشى كۆرمەيدىكەن %14. خىتايدا پىكىر ئەركىنلىكى يوق دىكتاتور دۆلەت بولغاچقا ياخشى كۆرمەيدىكەن. تۈرك خەلقىنىڭ %10 خىتاي ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەيدىكەن، تۈركلەرنىڭ %8 خىتاينى ئىقتىسادىي جەھەتتىن خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان دۆلەت دەپ قارايدىكەن».

تۈركلەر «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن كۆچۈپ كەلگەن، شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ئاتا يۇرتىمىز» دەپ قارىغاچقا ئۇيغۇرلارغا قاتتىق ھېسداشلىق قىلىدۇ. جازا لاگېرلىرى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەپ تايىيپ ئەردوغان تېخىچە سۈكۈتتە تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، تۈركىيەدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئۆكتىچى پارتىيەلەر ۋە خەلق ئاممىسى خىتايغا قارشى قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرمەكتە. راگىپ قاراجا ئەپەندى ماقالىسىدە ئىلگىرى سۈرگەندەك تۈركىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كۆتكەن سەۋىيەگە كەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى خىتاينىڭ ئۇيغۇر سەياسىتىمۇ؟ ئەنقەرەدىكى ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى، ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى دوكتور ئەركىن بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تۈركىيە بىلەن خىتاي 1971 ـ يىلى دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەت قۇرغان بولۇپ، بۇ يىل 50 يىللىقى قۇتلۇقلىنىۋاتقاندا ئۇيغۇر مەسىلىسىمۇ ئىنچىل ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

ئەركىن تارىم

# «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم ۋە قارارلار تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇر سەياستىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىشى

ئەنگلىيە پايتەختى لوندون شەھرىدە ئېلىپ بېرىلغان «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى»



نىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ۋە شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنى 13 ـ سېنتەبىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. ئىگىلىشىمىزچە، «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» بۇ يىل 12 ـ ئايدا ھۆكۈم چىقىرىدىكەن. تۈركىيەدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا, شۇنداقلا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا, مەزكۇر سوتتىن چىققان قارارنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى, بەزى دۆلەتلەرنىڭ بۇ قارارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ, ئۇيغۇرلار توغرىسىدا قارار ماقۇللايدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. ئامما كۆپ قىسىم ئانالىزچىلار مەزكۇر سوتنىڭ قارارىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە.

ئەنقەرەدىكى ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى, ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى بارلىق ئىسپاتلار تەھلىل قىلىنغاندىن كېيىن, مەزكۇر سوتنىڭ بىتەرەپ شەكىلدە ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

«« ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى ›بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا قانداق بىر قارار چىقىرىشى مۇمكىن؟» دېگەن سوئالىمىزغا جاۋاب بەرگەن پېشقەدەم ئۇيغۇر پائالىيەتچى ھامۇتخان گۆكتۈرك ئەپەندى, مەزكۇر سوتنىڭ خىتاي ئۈستىدىن «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ۋە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» يۈرگۈزدى دەپ ھۆكۈم چىقىرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

مەلۇم بولغىنىدەك, خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان بېسىم سىياستىنى ئامېرىكا قاتارلىق 7 دۆلەت پارلامېنتى بىردەك «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتكەن ئىدى. تۈركىيەدىكى بەزى مۇتەخەسسىسلەر بۇ قارارلارنىڭ سەياسىي قارارلار ئىكەنلىكىنى, «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» چىقىرىدىغان قارارنىڭ تېخىمۇ تەسىرلىك بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ھامۇتخان گۆكتۈرك ئەپەندى «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» دىن چىقىدىغان قارارنىڭ تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا زور تەسىرى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى ئەگەر «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» خىتاي ئۈستىدىن «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ياكى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ھۆكۈم چىقارسا, ئۇيغۇرلارغا زور پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى, خىتايغا نىسبەتەن قانۇنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئەمەلىي بېسىم پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىستانبۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئەپەندى, «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ بۇ يىل 12 ـ ئايدا چىقىرىدىغان قارارىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى, بولۇپمۇ تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەنقەرەدىكى ھاجى بايرام ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن كەسپىنىڭ پروفېسسورى ئىلياس دوغان ئەپەندى بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لوندوندىكى «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نى «قانۇنسىز سوت» دەپ ئاتىشى پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ. بۇ سوتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇم سەياستى سىستېمىلىق ھالدا ھۆججەتلەشتۈرۈلىۋاتىدۇ. بۇ سوت خەلقئارا قانۇنغىمۇ مۇۋاپىق, كېلەچەكتە <ئىرقىي قىرغىنچىلىق> دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنغاندا, كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بارغان بۇ ۋەھشىلىكلىرى كېلىدۇ ».

«ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنىدا گۇۋاھلىق بەرگەن بارلىق گۇۋاھچىلارنىڭ يازما گۇۋاھلىقلىرى «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ تور بېتىگە قويۇلغان بولۇپ, مەزكۇر گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنىنىڭ نەق مەيداندىن تارقىتىلغان سىن كۆرۈنۈشى «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ يۇتۇب كانىلىدا ساقلانغان.

ئەركىن تارىم

# جەنۋەدىكى ب د ت بىناسى ئالدىدا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» قا قارشى رەسىم كۆرگەزمىسى باشلاندى

د ئۇ ق خىتاينىڭ ب د ت دىكى ساختا تەشۋىقاتلىرىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» قا قارشى رەسىم كۆرگەزمىسى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى.

ئامېرىكىنىڭ شۋېتسارىيەدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن د ئۇ ق 16 ـ سېنتەبىردىن باشلاپ جەنۋەدىكى ب د ت بىناسى ئالدىدا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» قا قارشى رەسىم كۆرگەزمىسى پائالىيىتىنى باشلىغان. د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات مۇھەممەدى ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، 14 ـ سېنتەبىر كۈنى كەچتە جەنۋەدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدا بۇ قېتىمقى رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ھەيۋەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ مۇراسىمغا 30 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ باش ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتلىرى بولۇپ، 40 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان.




جەنۋەدىن زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ قېتىمقى رەسىم كۆرگەزمىسى 2020 ـ يىلى 22 ـ سېنتەبىر ب د ت بىناسى

ئالدىدا باشلىنىپ، بىر ھەپتە داۋام قىلغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» قا قارشى رەسىم كۆرگەزمىسى پائالىيىتىنىڭ داۋامى ئىكەن. ئۇ بۇ قېتىمقى رەسىم كۆرگەزمىسى پائالىيىتىنىڭ مەقسىدى ھەققىدە توختالغاندا، ئاساسىي مەقسەدىنىڭ خىتاينىڭ ب د ت دىكى ھەر تۈرلۈك ساختا تەشۋىقاتلىرىغا رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

جەنۋەدىكى رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىۋاتقان د ئۇ ق نىڭ رەئىس ۋەكىلى، «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ بىرقىسمى لوندوندا 4 كۈن داۋام قىلغان «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ 2 ـ قېتىملىق گۇۋاھلىق ئاڭلاش يىغىنىنى تۈگىتىپلا ئۇدۇل جەنۋەگە يېتىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىرقىسمى د ئۇ ق نىڭ ميۇنخېندىكى مەركىزىدىن كۆرگەزمە رەسىملىرىنى ئېلىپ جەنۋەگە يېتىپ كەلگەن.

14 ـ سېنتەبىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ جەنۋەدىكى باش ئەلچىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئېچىلىش مۇراسىمى بىلەن باشلانغان بۇ رەسىم كۆرگەزمىسى پائالىيىتى 19 ـ سېنتەبىر كۈنىگىچە داۋام قىلىدىكەن.

ئەكرەم

# ВОЗВРАЩЕНИЕ К РОДНЫМ ИСТОКАМ




В Музее изобразительных искусств с триумфом прошло открытие выставки Сабиджана Бабаджанова «Возвращение» - так решил назвать выставку к своему 80-летию заслуженный работник культуры Кыргызской Республики, художник Сабиджан Бабаджанов. Вернисаж состоялся 3 сентября в Кыргызском национальном музее изобразительных искусств имени Гапара Айтиева.



Возвращение куда - домой, на родину, к истокам, к себе самому? Подведение итогов или планы на завтра? Интерпретируйте как хотите - не ошибетесь.



Все так – это возвращение к себе, в свое детство, к своим корням, это воспоминания о прошлом и предчувствие будущего, это здесь и сейчас…

На открытии выставки заслуженного деятеля искусств было не протолкнуться. Народу пришло так много, что части людей пришлось подождать, пока другая осмотрит экспозицию.

Среди почетных гостей на открытии выставки были Розалия Айтматова, Аскар Айтматов, Ишенкуль Болджурова, Временная поверенная в делах США в Кыргызстане Соната Коултер, представители дипломатических служб других стран, Министерства культуры, Союза художников КР, Иссык-Кульского форума имени Чингиза Айтматова и многие другие персоны.

Каждый из них пожелал высказать виновнику торжества добрые пожелания и поздравления с юбилеем и выставкой, выразить свое почтение Сабиджану Бабаджанову.

Особую торжественность придали церемонии представители Общественного объединения «Иттипак» во главе с его председателем Аскаром Касымовым. Соотечественники с особой теплотой и радостью, и, можно сказать, гордостью поздравляли Сабиджана Бабаджанова. В фойе музея зазвучали дутары, а внучка юбиляра Ирада станцевала, ствующим неповторимую хореографию уйгурского танца.

Сабиджан Бабаджанов выставил много новых работ. Неутомимого художника даже коронавирус не устрашил (на тему эпидемии тоже есть картины). В вынужденной изоляции мастер, конечно, не сидел сложа руки. Чуть ли не каждый возникший в воображении или в реальности сюжет он запечатлевал в рамки («Гонец», «Шашлык-машлык», «Сияние», «Дорога в облака» и др.). Написаны и выставляются серии работ, представляющие собой философские притчи: «Мгновения жизни», «Гончарный круг мироздания», «На Великом Шелковом пути» и другие. Поклонники обязательно увидят любимые полотна из циклов «Уходящий караван», «Тайны пещер Тысячи будд», «Каллиграфия пустыни». А еще художник вернет наш взгляд к своим ранним работам, на которых нарочитая небрежность его кисти только добавляет экспрессии его пейзажам, портретам и натюрмортам.

Картины художника все как одна всегда обращены в будущее. Он сам иронизирует: «Все мои работы можно назвать «Вечность». Вероятно потому, что в каждой из них скрыты философский подтекст, вопросы о самом главном, которые мастер адресует себе и нам.

**Гульшат Юлдашева,**
*журналист.*
*Фото Абдурахима Хапизова*



# سابىتجان باباجانوۋ: «مەن ئەسەرلىرىم ئارقىلىق ۋەتىنىمگە قايتتىم!»

ئۇيغۇر ئېلىدا ئۇيغۇر مىللىي كىملىگى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان بۇ كۈنلەردە قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەك شەھىرىدە ئۇيغۇر دىيارىغا بېغىشلانغان مەخسۇس رەسىم كۆرگەزمىسى 3-سېنتەبىر كۈنى ئېچىلدى.

پېشقەدەم رەسسام سابىتجان باباجانوۋ "قايتىش" دەپ ئاتالغان مەزكۇر رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئۆزىنىڭ 80 يىللىق تەۋەللۇدىغا توغرا كەلتۈرگەن ھەم شۇنداقلا ئۇيغۇر دىيارىنى خاتىرىلىشكە بېغىشلىغان.

زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان رەسسام سابىتجان باباجانوۋ، ئۆزىنىڭ رەسىم ئىجادىيىتىدە كۆپرەك ئانا تۇپراق تېمىلىرى ھەم ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى سېغىنىش تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

سابىتجان باباجانوۋ 1941-يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان ئېكەن. ئۇنىڭ بوۋىسى سالىجانباي باباجانوۋ 1944-يىلىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى يەر-سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئېكەن. 1950-يىللارنىڭ باشلىرىدا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ياش سابىتجان باباجانوۋ 1955-يىلى ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە قىرغىزىستاننىڭ تالاس ئوبلاستىغا كۆچۈپ چىقىپ، كىروۋ رايونىدىكى شېكەر يېزىسىغا ئورۇنلاشقان ئېكەن.

سابىتجان باباجانوۋ گەرچە گرافىك رەسسام دەپ قارالسىمۇ، ئامما ئۇنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى ئاساسلىغى ئۇيغۇر ئېلى ۋە ئانا ۋەتەن تېمىلىرىغا بېغىشلانغانلىغى مەلۇم. بۇ قېتىمقى رەسىم كۆرگەزمىسىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئەنەنىلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۇيغۇر مەشھۇرلىرىنىڭ رەسىملىرى ئالاھىدە سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نۇزۇگۇم قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ پورترېتلىرى، «تۇرپان كارىزلىرى»، «تۆگىلەر» ۋە باشقىلار.

مەزكۇر كۆرگەزمە قىرغىزستان دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيدا ئۇيۇشتۇرۇلغان.



مەزكۇر رەسىم كۆرگەزمىسگە قىرغىزىستاننىڭ سابىق تاشقىي ئىشلار مىنىستىرى ئەسقەر ئايتماتوۋ، سابىق مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن مىنىستىرى، پروفېسسور ئىشەنگۈل بولجۇرووۋا، قىرغىزىستان ۋە رۇسىيەدە سەنئەتكە ئەمگەك سىڭدۈرگەن پائالىيەتچى ئاسسول مولدوكماتوۋا، تىببىي پەنلەر دوكتورى، پروفېسسور بەختىيار باقىيېۋ، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى "ئىتتىپاق" جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەسقەر قاسىمى، شۇنداقلا قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ۋە رۇسىيە ئەلچىخانىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، قىرغىزىستان سۈرەتچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللىرى، مۇخبىرلار ۋە كۆپ ساندا ئۇيغۇر جامائەتى قاتناشتى.

كۆرگەزمىنىڭ رەسمىي قىسمىدا سۆز قىلغان پروفېسسور ئىشەنگۈل بولجۇرووۋ، رەسسامنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋەتەن ھەسرىتىنىڭ ئېنىق تەسۋىرلەنگەنلىگىنى تەكىتلەپ، مۇنداق دېدى: «مېنىڭ پىكرىمچە، ئىجاتكارلار ۋە رەسساملار تالانتلىق ئىنسانلاردۇر. ئۇلار ھاياتىنىڭ ئېغىر پەيتلىرىدە، بەختلىك بولغان چاغلىرىدا ياكى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ۋە دوستلىرى بىلەن بىرگە بولغان ماكانلاردا ئىجادىيەت ئىلھام ۋە كۈچ ئىزدەيدۇ. قېنى، قاراڭلار، سابىتجان ئاكىنىڭ رەسىملىرىگە! بۇ تۇرپان، ئوتلۇق تۇرپان! شېكەر يېزىسى! مەن ئويلايمەنكى، ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىشلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلىگەن. ئۇ نېمە سەۋەبتىن ئايتماتوۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز رەسىملىرىدە جانلاندۇردى؟ بۇ پاكىت ئايتماتوۋنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئەمەس، بەلكى ئۇ خىتايدىن كۆچۈپ چىققاندا ئايتماتوۋنىڭ ئازابىنى ئۆز كەچمىشلىرى ئارقىلىق ھېس قىلغان».

مەزكۇر كۆرگەزمىگە قاتناشقان پروفېسسور بەختىيار باقىيېۋ، زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ سابىتجان باباجانوۋنىڭ ئەسەرلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىگىنى بايان قىلدۇ.

بىر قىسىم كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇر ئېلىدىكى مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى رەسمىي دەرس قىلىپ ئۆتۈلمىگەن شارائىتتا، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۆز تارىخىي مەشھۇرلىرىنى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى بىلىش ھەمدە ئۇلاردىن ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلىدىكەن. كۆرگەزمىنى زىيارەت قىلغان سەنئەت سۆيەر ئوسمانجان تۇردى زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، «سابىتجان باباجانوۋنىڭ رەسىملىرى ياشلارغا ئۈمىد ۋە تارىختىن ئىبرەت بېرىدۇ»، دەيدۇ.



سابىتجان باباجانوۋ قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق ئەنئەنىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قوشقان تۆھپىلىرى ئۈچۈن قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئېھسان» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان ئېدى.

فېرۇزە

Встречи

# Укрепляются братские отношения

13-сентября 2021г. актив филиала ООУ «Иттипак» по Джалал-Абадской области во главе с представителем Алишером Насырахуновым встретился в г.Джалал-Абад с директором Международного Кыргызско-Турецкого института им. Турана Язгана, к.э.н., доцентом Эргезером Чагры. С 2020г, при поддержке посольства Турции было организовано обучение на бюджетной основе из числа уйгурской молодежи юга Кыргызстана. В 2020 году были приняты три студента на учебу на факультет «Международные отношения». Двое из села Кашкар-Кишлак Ошской области, один из города Джалал-Абад. В 2021 году один один абитурент поступил на факультет «Международные отношения», он из Сузакского района Джалал-Абадской области. В беседе Эргезер Чагры рассказал о планах на будущее и о путях решения проблем безработицы, о дальнейшем обучении в вузах



Турции уйгурской молодёжи. В ходе беседы была рассмотрена идея об издании книги «Уйгуры юга Кыргызстана», которую предложил автор этих строк.

Данная встреча прошла в дружелюбной и деловой обстановке.

Филиал Общественного объединения уйгуров «Иттипак»КР по Джалал-Абадской области благодарит за поддержку посольство Турции и лично директора Международного Кыргызско-Турецкого института господина Эргезер Чагры за действенную поддержку в деле обучения нашей молодежи в ВУЗах Турции.

**Алишер Насырахунов,**
представитель филиала ООУ «Иттипак» КР по Джалал-Абадской области.

**P S.** *Алишера Насырахунов, как представитель филиала Общества уйгуров «Иттипак»КР, ведет активную общественную работу среди уйгуров данной области в деле укрепления и согласия межэтнических отношений.*

***Общественное обьединение уйгуров «Иттипак» К.Р.***

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# Тарихчи,әдиб Турғун Алмасни әсләймән

## (Турғун Алмас вапатиниң 20 жиллиғиға даир)

Бүгүн 11-сентябрь. Бүгүн нурғун кишиләр 20 жил бурунки бүгүнки күнни хатириләйду. Уларниң арисида мәнму бар. Чүнки бу күн уйғурлар үчүнму муһим бир хатирә күндүр.

1999-жили, күздә Шинжаң телевизийә станциясиниң қийпаш удулидики Даван олтурақ вилайитидин аддий бир еғиз өйни ижарә елип, бир мәзгил турдум. Шу чағда мән режиссерлук қилип сүрәткә алған «Ай гуваһ» намлиқ филимниң кириштүрүш ишлириға Сәнъәт институтиниң удулидики Сони ширкитидә өзәм йетәкчилик қиливатқан болғачқа, бу йәрдә туруш маңа қолай еди. У филимниң ишлири бир айда түгиди. Қилғудәк иш болмиғачқа, бәлни чиң бағлап, ашу бир еғиз ижарә өйдә кечини күндүзгә улап китап йезишқа башлидим.

Шу чағда мән үч жиллиқ түрмә һаятимни ахирлаштуруп, Қәшқәрдин Үрүмчигә қайтип кәлгили техи бир жил болған еди. Аллиқачан хизмәттин һайдалган едим. Үрүмчидә хизмитим йоқ, өйүм йоқ, пулум йоқ, «қипқизил пролетарият»қа айлинип қалған едим.

Автоном вилайәтлик Уйғур тибабәт дохтурханисиниң ташқи кесәлләр бөлүмидә ишләйдиған достум Жүръәт пат-пат мениң қешимға келип туратти. У телевидения станцияси аилиликләр қорасиниң шәрқий тәрипидики дөңгә жайлашқан қәбристанлиқтин (Хожа Нияз һажи қатарлиқ шеһитларниң қәбрилири жайлашқан бу қәбристанлиқ кейин чеқилип, орниға Тәңритағ вилайитиниң сақчи идариси селинди) пиядә меңипла, мениң қешимға келәләйтти. әлвәттә, мәнму даим униң қешиға берип тураттим.

Шу чағда мәндә Түркийдә нәшир қилинған бир қисим түркчә китаплар бар еди. Бу китапларниң көпи Түркия Ата-Түрк тәтқиқат мәркизи тәрипидин чиқирилған мәжмуәләр болуп, уларда Түркияниң Мустафа Камал рәһбәрлигидики вәтәнни қутқузуш урушиға аит мәзмунлар көп еди. Бу китапларда йәнә шу дәвргә аит көплигән тарихий сүрәтләр бар еди. Жүръәт бу китапларға қизиқип бир нәччисини ишханисиға апирип көрүш үчүн елип кәтти.

2000-жили әтиязда, мән жиддий бир иш билән журтум Қәшқәргә берип икки һәптә туруп қалдим. Үрүмчигә қайтип кәлсәм, Жүръәт һелики түркчә китапларға Турғун Алмасниң қизиқип қалғанлиғини, ашундақ китаплардин йәнә болса көрүшни арзу қилидиғанлиғини ейтти.

Автоном районлуқ әдәбият-сәнъәтчиләр бирләшмисиниң кона аилиликләр қораси уйғур тибабәт дохтурханисиға йеқин еди. Турғун Алмас даим өйидин пиядә уйғур тибабәт дохтурханисиға келип, дохтур-һәмширәләр билән параңлишип олтурушни яхши көридикән. Шу жәриянда Жүръәтму униң билән тонушуп қапту. Бир күни Жүръәт ишханисида бекар қелип, һелики түркчә китапларни көрүп олтурса, Турғун Алмас кирип қапту вә бу китапларни көрүп дәрһал қизиқипту. У китапларни Жүръәттин сорап елип өйигә елип кетип, бир нәччә күндин кейин, Жүръәтни издәп йәнә кәпту вә униңдин мошу хилдики китаплардин йәнә болса көрүп беқишни арзу қилидиғанлиғини дәпту. У өзиниң «Уйғурлар» намлиқ китавиниң иккинчи қисимини йезиватқанлиғини, 1930-жилларда Мустафа Камалниң Совет Иттипақидин қәрз алғанлиғиға аит мәнбәләрни издәватқанлиғини ейтипту. Жүръәт униңға бу китапларниң маңа тәвә екәнлигини, мошуниңға охшаш башқа китапларниң мәндә бар екәнлигини, амма мениң Қәшқәргә кәткәнлигимни, қайтип кәлгән һаман көрүштүридиғанлиғини ейтипту.



Мән Турғун Алмасниң бир түркүм шеирлирини 1986-жиллиқ «Қәшқәр әдәбияти» журнилидин оқуған едим. У чағда мән толуқ оттура мәктәптә оқуватқан болуп, униң «Тәнлирим япрақ» намлиқ шеириға асасән ижад қилинған нахшини кичигимдин аңлап чоң болғачқа, бу шеирларни көрүп худди гөһәр тепивалғандәк хуш болуп кәткән вә бәзилирини ядливалған едим. Кейин, униң уйғур тарихиға аит қиммәтлик мақалилирини һәрқайси илмий журналлардин зор қизиқиш билән издәп жүрүп оқуп турған едим.

Жүръәт билән иккимиз Турғункамниң өйигә бардуқ. Униң өйи бинаниң биринчи қәвитидә еди. Өйдә Турғункам билән аяли ялғуз екән. Аяли өйигә қәрәлсиз меһманларниң келишигә көнүк болса керәк, биз билән мундақла саламлишип, чай қуюп, өз иши билән болди. Мән өзәмдә бар болған бәш-алтә парчә китапниң һәммисини алғач барған едим. У китапларни қизиқиш билән бирдәм варақлиғандин кейин, уларни тәпсилий көрмисә болмайдиғанлиғини һес қилип, китап варақлаштин тохтиди, андин уяқ-буяқтин бирдәм параңлаштуқ. У бизгә өзиниң балилиқ чағлиридики ишларни сөзләп бәрди. Андин, 1949-жил авғустта өзиниң қандақларчә Қәшқәрдин Үрүмчигә барғанлиғини вә Үрүмчидин Ғулжиға йолға селинғанлиғини һәмдә Ғулжида көргән-аңлиғанлирини дәп бәрди. Бирәр-икки саат параңлишип, биз уни йәнә йоқлап келидиғанлиғимизни ейтип йенип чиқтуқ. Әслидә мениң униңдин сорайдиғанлирим бар еди, амма тунжи қетим көрүшишим болғачқа, кейингә қалдурдум. Аридин бирәр айчә өтүп, Турғункам һелики китаплардин өзи издигән мәзмунларни тапалмай, уларни Жүръәткә қайтуруп берипту.

1989-жили, мән Мәркизий милләтләр университетиниң уйғур тил-әдәбияти кәспиниң иккинчи жиллиғида оқуватқан мәзгилдә, Турғун Алмасниң «Уйғурлар» намлиқ китави нәшир қилинди. Бу китап бизни қаттиқ һаяжанға салған еди. Узун өтмәй Хитай һөкүмити униң бу китавини «Һунларниң қисқичә тарихи» вә «Қәдимки уйғур әдәбияти» намлиқ икки китави билән қошуп чәклиди вә кәң көләмдә күрәш қилди. Хитай тәтқиқатчилири униң бу китаплирини «Уйғур милләтчилик идеялогиясини қуруп чиқишқа урунған» дәп тәнқид қилди. Дәл шу мәзгилдә, бизгә Яң Шеңмин исимлик бир туңган оқутқучи уйғур тарихи дәрсини өтти. Биринчи саатлик дәрстин башлапла, биз униң дәрсиниң һәр бир мәзмуниға қарши қаттиқ инкас көрсәттуқ вә «Уйғурлар» дегән китаптин нәқил елип рәддийә бәрдуқ. Мундақ бир иш есимдин чиқмайду: Турғун Алмасниң үч китави чәкләнгәнлик хәвирини аңлиғанда мәндә униң «Һунларниң қисқичә тарихи» дегән китави йоқ еди. Мән дәрһал бизниң мәктәпкә хошна болған Бейжиң китапханиси (һазирқи Дөләтлик китапхана) ниң уйғурчә китап бөлүмидин у китапни таптим вә оғриливалдим. Гәрчә бу қилғиним тоғра болмисиму, амма бу китапниң узун өтмәй, у китапханидин жиғиветилидиғанлиғи еник болғачқа, бәк номус қилипму кәтмигәнедим.

Турғункамниң өйигә тунжи берип узун өтмәй, Ижтимаий пәнләр академиясидә ишләйдиған достум Күрәш иккимиз Турғункамни йәнә йоқлап бардуқ. Гәрчә аридин икки ай өткән болсиму, бу қетим Турғункамниң бурунқидин хелила қерип қалғанлиғини һес қилдим. Униң аяли бурунқидәкла биз билән саламлишип вә чай қоюп, башқа өйгә кирип кәтти. Турғункам аялиниң кәйнидин бир дәм қарап туруп, андин бизгә: «Балиларниң һәммисини мошу хотун беқип чоң қилди, қатарға қошти, жиқ жапа тартти» деди. Андин балилириниң әһвалини дәп келип, бир балисиниң Америкида екәнлигини, өзиниң Америкиға барғиси барлиғини, амма һөкүмәтниң йол қоймайдиғанлиғини, Төмүр Давамәтниң шу йолни ечип беришкә вәдә қилғанлиғини, бирақ һазирғичә бирәр хәвәрниң йоқлиғини һәсрәт билән аста сөзләп бәрди. Мән униңдин өзи билән тәңдаш тарихий шәхсләргә қандақ қарайдиғанлиғини соридим. У Лутпулла Мутәллипниң таланти, Абдуреһим Өткүрниң кәчүрмишлири, Мәмтимин Юсүпниң қандақ адәм екәнлиги, Абдушүкүр Муһәммәтиминниң тәтқиқатлири вә башқа кишиләрниң әһвали һәққидә өзиниң көргән -билгәнлири вә һес қилғанлирини сөзләп бәрди. Униң кишиләргә баһа бериштики өлчими мәндә чоңқур тәсир қалдурди. У кишиләргә баһа бериштә униң сәмимий яки әмәслигини, техиму дәл ейтқанда, бир адәмниң растчил яки әмәслигини муһим бир өлчәм қилатти. Гәп арилиғида у туюқсиз сориди: «Сизләр Әхмәтжан Қасимни көрмигән һә?», бу соалдин Күрәш иккимиз турупла қалдуқ. У бизниң инкасимизға пәрваму қилмай гепини давамлаштурди: «Уйғурдин униңдәк йетишкән, талантлиқ вә иқтидарлиқ рәһбәр чиқмайду. 47-жили мән униң билән Қәшқәр Валий мәһкимисидә 15 күн биллә турдум. Биз жиқ параңлаштуқ. У һәқиқий рәһбәр еди.» Униң бу гәплиригә чоңқур һөрмәт, қажиллиқ, сеғиниш вә өкүнүш сиңип кәткән еди. Ахирида, мән униң Аблизхан Мәхсумға қандақ қарайдиғанлиғини соридим, у бу соалдин өзини қачурғандәк: «Уни кейин дәймиз» дәпла жавап бәрди. Биз ишиктин чиқиватқанда у: «Бу өйдә болған гәпләрни талада дәп жүрмәңлар, Турғункамни йоқлап барсақ һарақ қуюп берәй дегәнти, унимай йенип чиқтуқ дәңла» деди. Биз бу гәпкә күлүп кәттуқ, у өзиму күлүп кәтти.

Турғун Алмас һәққидә жәмийәттә көп һекайиләр бар еди. Бу йәрдә «Уйғурлар» дегән китапниң йезилиши һәққидики мундақ бир һекайини тилға алғум кәлди: 1985-жили хитай тәтқиқатчиси Лю Жижшяв хитайчә вә уйғурчә язған «Уйғурларниң тарихи» намлиқ китап нәшир қилинған. Бу китапқа Сәйпиддин Әзизи кириш сөз язған. Бу китаптики әмәлийәткә уйғун болмиған яки бурмиланған тарихий пактларға вә намувапиқ нуқтиий нәзәрләргә нарази болған Турғун Алмас Сәйпиддин Әзизигә етираз билдүргән. Сәйпиддин Әзизи униңға: «Ночи болсаң сәнму яз, саңиму кириш сөз йезип беримән!» дегәнмиш. шуниң билән Турғун Алмас «Уйғурлар» дегән китапни язғанмиш. Бу гәпниң раст-ялғанлиғи маңа қараңғу. Мән Турғункам билән көрүшкәндә бу гәпни сорап бақмиған. Әмма, бу һекайидики баянлар униң характеригә хели уйғун келиду.

(Давами 15-бәттә)

# مىللىي مۇستەقىللىق بىز ئۇيغۇرلاردىن يەنە قانچىلىك ئۇزاقتا؟



ئاسىيە ئۇيغۇر

(داۋامى، بېشى 7-، 8- ساندا)

## 3. نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىز

ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەتكە قارشى كۈچ ئالدى بىلەن سىياسىي تۈس ئېلىشى كېرەك. يەنى تارىختىكى ئىنقىلابچىلىرىمىزمۇ مەلۇم بىر سىياسىي ئىدىيە ئاساسىدا تەشكىللىنىپ ھەرىكەت قىلغان ۋە ئاقىۋەتتە ھاكىمىيەتكە قارشى غايەت زور كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلىگەن.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار يىللاردىن بۇيان خىلمۇ خىل تەشكىلاتلارنى قۇردى ھەم داۋاملىق قۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇ-نىشانلىرى، ئېسىل پىلانلىرى بار ۋە بولغان. ئاما نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر دەۋاسىدا بوشۇش خاراكتېرلىك زور نەتىجىلەر قولغا كېلىپ باقمىدى؟ بۇنىڭدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئۇلارنىڭ زەنجىرسىمان ئىش تەرتىپىنى شەكىللەندۈرەلمىگەنلىكىدۇر. ئەلۋەتتە بىر تەشكىلاتنى نورمال ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن غايەت زور ئىقتىسادقا ئېھتىياجلىق بولىمىز. ئۇنداقتا بىزدە ئىقتىساد يوقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئىقتىسادىي بار. ئاما بۇ يەردىكى مەسىلە ھەر بىر تەشكىلات ئۆز ئىقتىسادىنى ئۆزى ئىشلىتىش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىش، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولماسلىق ھەتتا بىر بىرى بىلەن رىقابەتلىشىش.........تەرەپدارى بولۇپ ئىقتىسادنى بىرلىككە كەلتۈرمىگەنلىكى ۋە ئىش بىرلىكى ھاسىل قىلمىغانلىقتۇر. شۇ سەۋەب، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشىمۇ ئېرىشەلمىگەن. گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر تەشكىلاتلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنى خالىسىمۇ، ئاما شۇنداق قىلىشقا ئىككىلىنىپ قالغان. بولۇپمۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئاشكارە بولماسلىغى، يىغىلغان ئىئانە ۋە ياردەملەرنىڭ ھېساۋاتى ئېنىق بولماسلىغى، تەشكىلات ئىچىدە ئىقتىسادىي خىيانەتچىلىك ئەھۋاللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلى تەشكىلاتلار خەلقنىڭ ۋە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغان. مۇشۇنداق شارائىتتا ختايمۇ تەشكىلاتلار ئارىسىغا پىتنە سېلىشقا باشلىغان ۋە تەشكىلاتلارنى بىر بىرىگە قارشى تۇرىدىغان، بىر بىرىنى ياراتمايدىغان، تەشكىلات ئەزالىرى ئارىسىدىمۇ ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا بولۇپ، خەلق قايسى تەشكىلاتقا ئەگىشىش ياكى قوللاشتا قىينىلىپ قالغان ئەھۋاللار كېلىپ چىققان. مانا ھازىر بۇ مەسىلىلەر ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن ئىقتىسادىي كۈچ بولماسلىق، چوڭ بىر كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمەسلىك، تەشكىلاتلار ئۆز ئارا بىر بىرىنى چەتكە قېقىشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇرۇندىن تارتىپ ئۇيغۇر دەۋاسى بېشىدىكى تەشكىلاتلاردىن ئۈمىد كۈتۈپ كەلگەن نۇرغۇن شەخسلەرنىڭ دەۋا سېپىغا قوشۇلۇشنى توسۇپ قويغان. ئۇنداقتا ئۇيلاپ باقايلى، ئۇيغۇر دەۋاسى شۇنچە يىللاردىن بېرى مانا مۇشۇ ھالەتتە داۋاملىشىپ كەلدى. نەتىجە چىقمىدى، بىز يەنە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ مۇشۇ ھالەتنى ساقلاپ مېڭىۋېرىشىمىز كېرەكمۇ؟ ناۋادا ختايدا چوڭ بىر سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ۋەتەن مۇستەقىللىققە پۇرسەت يارىتىلىپ قالسا بىز قايسى ھالىتىمىزدە يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنى كۈتۈپ ئالالايمىز؟ بىزنىڭ كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىمىز بارمۇ؟ كېسىپ ئېيتىمەنكى ئەمدى ۋاقىت يوق! ئەمدىكى كۆرەشتە مۇستەقىل بولۇش ياكى يوقىلىشتىن باشقا يولىمىز يوق. ئەگەر مۇستەقىل بولۇشقا تەييار بولمايدىكەنمىز ئۇنداقتا ئۇيغۇر دېگەن سۆز بىر تارىختا ئايلىنىشى مۇمكىن!

ھازىر قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز، مەيلى سىز قانداق ئادەم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر پەقەت ختايغا قارشىلا بولسىڭىز، ھايات ۋاقتىڭىزدا ۋەتەننىڭ ئازادلىقىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەنسىز، قەلبىڭىزدىكى ئۆچمەنلىكنى، ئايرىمچىلىقنى، تەكەببۇرلۇقنى، ياراتماسلىقنى، دۈشمەنلىكنى ۋە ھەممە ناچار قىلمىشلىرىڭىزنى تاشلاپ پۈتۈن دىققىتىڭىزنى ختايغا قارىتىڭ. ئەگەر شۇنداق قىلمايدىكەنسىز ختاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن چاپان ياپقان، ۋەتەن خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا توسقۇنلۇق قىلغان بولىسىز!

## 4. قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ دېگەن بۇ سوئال مەن ئۈچۈن سالمىقى تولىمۇ ئېغىر بولغان سوئال بولسىمۇ، لېكىن ئويلىغانلىرىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىششىنى مۇھىم ئىش دەپ بىلىمەن. قاراشلىرىمنى ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى بىلەن باشلايمەن. گەرچە ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى 200 نەچچە يىللار بۇرۇن يېزىلغان ۋە ئۇيغۇر بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان بىر خىتابنامە بولسىمۇ، ئاما ئۇنىڭدىكى پىكىر پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق دەپ قارايمەن. ئۇنداقتا بۇ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىدە نېمىلەر دېيىلگەن ۋە ئۇنىڭ بىز بىلەن بولغان ئالاقىسىچۇ؟

مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ
مۇقەددىمىسى:

بىزنىڭ قارىشىمىزچە تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەرگە سۆز كەتمەيدۇ. ياراتقۇچى ئىنسانلارنى باراۋەر ياراتتى ۋە ئۇلارغا تارتىۋېلىشقا بولمايدىغان ھوقۇقلارنى ئاتا قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھاياتلىق ھوقۇقى، ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ھوقۇقلىرى بار. بۇ ھوقۇقلارغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى بولسا بويسۇنغۇچىلارنىڭ رازىلىقى بىلەن روياپقا چىقتى. ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەت پەقەت يوقارقى ھوقۇقلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن خەلقنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بىكار قىلىش ۋە قايتا ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش ھوقۇقى بولىدۇ. يېڭى ھۆكۈمەت تايىنىدىغان پىرىنسىپ بولسا ھوقۇقنى كۈچىنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئەڭ زور دەرىجىدە خەلقنىڭ بىخەتەرلىگى ۋە بەختلىك ياشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. ھەقىقەتەن ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان بولساق يەڭگىلتەكلىك بىلەن كىچىككىنە ۋاقىتلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇزۇن يىللىق ھۆكۈمەتنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۆتمۈشتىكى بارلىق ساۋاقلاردىن شۇنى بىلدۇقكى، ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەتلەر پەقەت بەرداشلىق بەرگىلى بولسىلا، ئىنسانلار ئادەتتە سەۋر قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇكى، ئۆزلىرى ئۇزۇندىن بېرى كۆنۈپ قالغان بۇ ھۆكۈمەتنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى خالىمايدۇ. لېكىن، ھۆكۈمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلسا ۋە ئىزچىل تۈردە بىرلا نىشانىنى كۆزلەپ ماڭغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ خەلقنى مۇتلەق مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغانلىغىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا خەلقنىڭ بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئارقىلىق كەلگۈسى ئۈچۈن يېڭى بىر كاپالەت يارىتىش ھوقۇقى بولىدۇ.

مانا يۇقارقىلار ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ بېشىدىكى مۇقەددىمە بولۇپ، بۇ ھەم ئامېرىكىنىڭ 200يىلدىن بېرى يۇرگۈزۈپ كېلىۋاتقان قانۇن-سىياسەتلىرىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ئاساسلار بولغاچقىلا قانۇن تۈزۈملىرىدە قانداقلا ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ۋە بەختنى قوغلىشىش ھوقۇقى دەخلىگە ئۇچرىمايدۇ ۋە ئۇچرىمىغان. بۇ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ يازغۇچىسى ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى توماس جېففېرسون بولۇپ، ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئۇنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ ئاپتورى ئىكەنلىگى يېزىلغان بولۇپ، قىزىقارلىغى ئۇنىڭ يەنە ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتىمۇ بولغانلىغى پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىغان.

بىز بۇ خىتابنامىگە قارايدىغان بولساق باشتا دېيىلگىنى ھەر بىر ئىنساننىڭ ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان تەبىئىي ھوقۇقلىرى بولىدىغانلىقى بولسا كەينىدە بۇ ھوقۇقلارنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىغى تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەنلىگى سۆزلەنگەن. يەنى ھۆكۈمەت بەرپا قىلىشتىكى سەۋەب، خەلقنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش ياكى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ خىتابنامىدىكى بىزگە ئالاقىدار مەسىلە نىمە؟ ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلارغا ئالاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان تەبىئىي ھوقۇقلارنىڭ ھېچكىم دەخلى-تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغانلىغىدۇر. دېمەك بىز يارىلىشىمىزدىن ھۆر يارىتىلدۇق. بىزنىڭ ياشاش ۋە بەخت-سائادەتنى قوغلىشىش ھوقۇقىمىز بار.

ئۇنداقتا بىزنىڭ ھوقۇقلىرىمىز قېنى؟ ۋەتىنىمىزنى ختاي مۇستەملىكە قىلغان 70يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خەلقىمىز ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان بۇ ھەق-ھوقۇقلىرىدىن تامامەن مەھرۇم ھالەتتە ياشاپ كەلدى. شۇنداقلا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئىنسانلىقتىن ھالقىغان زورلۇق، خورلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. ئۇنداقتا مىللەتنىڭ بۇ ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىش، بۇ ھاكىمىيەتنى يوقىتىش ھەققى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار! ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇيغۇر خەلقى ھەق-ھوقۇقلىرىنى خەلقئارا قانۇنلار ئاساسىدا قوغدىشى ۋە ئۆز ھەق-ھوقۇقلىرىنى قولغا ئېلىش يولىدا ئىزدىنىشى، كۆرەش قىلىشى كېرەك. ئۇنداقتا خەلقئارا قانۇنلاردا بىزگە كېرەكلىك بولغان پايدىلىنىشقا تېگىشلىك قانداق قانۇن-نىزاملار بار ياكى بولغان؟

مەن بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدىنىشلەردىن كېيىن ب د ت نىڭ 1514-نومۇرلۇق قارارىدا مۇنداق قۇرلارنى ئۇچراتتىم. يەنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1960-يىلى 14-دېكابىر مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەر ياكى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ئېلان قىلغان. يەنى بۇ 1514-نومۇرلۇق ھۆججەت تۆۋەندىكىدەك 7 تۈرلۈك قارارنى ماقۇللىغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. مۇستەملىكە قىلىنغان خەلقلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتەك ئەھۋاللار نورمال ئىنسان ھوقۇقىنى رەت قىلغانلىق بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بىلەن بىرگە دۇنيانىڭ تېنچلىغى ۋە ھەمكارلىغىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توسالغۇ بولىدۇ.

2. ھەرقانداق مىللەتنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ قارارغا ئاساسەن ئۇلار دەخلىسىز ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى بەلگىلىسە، ئەركىن ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، جەمىيتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرسا بولىدۇ.

3. سىياسىي، ئىقتىسادىي، جەمىيەت ۋە مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەردە يېتەرلىك تەييارلىغى بولمىغانلىغى سەۋەبلىك مۇستەقىل بولۇشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

4. مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك خەلقكە قىلغان بارلىق قوراللىق ھەرىكەتلىرى ۋە باستۇرۇشلىرىنى توسۇش ئارقىلىق شۇ خەلقنىڭ تېنچ، ئەركىن ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى قوللاش بىلەن بىرگە دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلىگىگە ھۆرمەت قىلىنىشى لازىم.

5. باشقىلارنىڭ باشقۇرىشىدا تۇرغان، ئاپتونومىيەسى بولمىغان رايونلار ۋە تېخى مۇستەقىل بولمىغان باشقا رايونلاردىمۇ دەرھال شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسى بويىچە مىللەت، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئېرق ئايرىماستىن، شەرتسىز ۋە تولۇق ھالەتتە بارلىق ھوقۇقلارنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى ئارقىلىق ئۇلارنى پۈتۈنلەي مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن قىلىشى كېرەك.

6. ھەرقانداق بۆلەكنى ياكى بىر دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىغىنى پارچىلاش ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشى ب د ت نىزامنامىسىگە خىلاپ قىلمىشتۇر.

7. ھەرقانداق بىر دۆلەت باراۋەر شەكىلدە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان ۋە بارلىق دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ب د ت نىزامنامىسىگە، دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ۋە بۇ خىتابنامىنىڭ تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك.

يۇقارقى ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ھەرقانداق بىر مىللەت مۇستەقىل بولۇشقا ھوقۇقلۇق. ئەگەر بىر مىللەت باشقىلار تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغاندىن كېيىن ئېزىلىش، باستۇرۇشلارغا ئۇچرىغاندا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار دېيىلگەن. يەنى ب د ت نىڭ 1514-نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن بىز ختايدىن ئايرىلىپ ئۆز دۆلىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىللىنىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# У аддий инсан болуп яшиған

*(Нәсирдин Давутниң туғулғиниға 80 жил)*



**Әкбәрҗан Баудунов,**
пәләсәпә пәнлириниң намзити

Нәсирдин Давут һазирқи заман Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң асасини салғучиларниң бири, талантлиқ язғучи. Қирғизстан уйғур нәсрий әсәрләрниң вуҗутқа келиши вә шәкиллиниши дәвридә Нәсирдин Давут иҗадийити муһим орунни егәлләйду.

Нәсирдин Давут 1941-жили Уйғуристанниң Ғулҗа шәһиридә туғулған. У 1956-жили Текәс наһийәлик толуқсиз оттура мәктәпни түгитүп, Үрүмчи Шинҗаң институтиниң әдәбият факултетиға оқушқа чүшиду. Лекин саламәтлигиниң начарлишиши түпәйли окушни давамлаштуралмай, 1957-жили Ғулҗиға қайтип келип, әрләр толуқ оттура мәктивидә оқуйду. 1960-жили мәктәпни пүттәргәндин кейин Текәс наһийәлик оттура мәктәптә уйғур әдәбиятидин дәрис бериду. 1963-жили ата-аниси билән Совет Иттипақиға көчүп чиқип, Қирғизстанниң Кәнт райони, Ново-Покровка йезисиға келип орунлишиду. У дәсләп колхоз-совхозларда, кейинирәк Бишкәк шәһиридә яғаччилиқ ишханисида ишләп, 1981-жили саламәтлигиниң начарлиши сәвәблик, 40 йешида 2-группа накалиқ пенсиягә чиққан. 1995-жили жүрәк ағриғи билән вапат болди.

Нәсирдин Давутниң иҗадийити шеир йезиш билән башланған. Униң шеирлири «Или гезити», «Аммивий клуб» гезит-журналлирида йоруқ көргән.

Нәсирдин Давут 1981-жилдин башлап һекайә йезиш билән шуғулланған. Униң һекайә, повестлири «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят», «Пәрваз» қатарлиқ гезит-журналларда бесилған.

1994-жили Қирғизстан язғучилар иттипақиниң бәдиий әдәбият-тәшвиқат бюроси тәрипидин қирғиз тилида нәшир қилинған «Үмүтүм мениң ата журт» топламида униң «Әсләш» намлиқ һекайиси берилгән. 2001-жили Қирғизстан дөләт миллий университети, Хәлиқара билим бериш программилириниң Интеграция институти, Уйғур филологийиси факултети тәрипидин тәйярлап нәшир қилинған (түзгүчи Ә.Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик хрестоматия китавиға Нәсирдин Давутниң «Әсләш», «Һәй, ана дегән» һекайилири киргүзилгән. Нәсирдин Давутниң «Алтун тавақлиқ гадайлар» намлиқ һекайилар топлими Қасимҗан Әйсаниң тәйярлиши билән 2004-жили нәширдин чиқти. Бу топламда Нәсирдин Давутниң «Алтун тавақлиқ гадайлар», «Өтнә аләм», «Момам ейтқан ривайәт», «Байрәм өйимдә қапту», «Дадамниң ейтқанлири», «Еһ, тәнсиз дуния» вә башқа һекайилири; «Йеза параңлири», «Ғунчәмниң хошниси», «Дадам өйлинипту», «Тойниң әтиси», «Тәңкитчи ашпәз» қатарлиқ һәҗивий һекайилири; «Чирайлиқ дегән немә?», «Мөҗизә күши кимгә тәәллуқ?» охшаш балиларға беғишланған һекайилири берилгән. Язғучиниң һекайилири һәр хил мавзуларда йезилған.

Нәсирдин Давутниң «Өтнә аләм» намлиқ һекайиси «Йеңи һаят» гезитиниң 1994-жили, 18-июнь санида бесилған. Һекайә Айсихан аниниң аилиси тоғрисида йезилған. Һекайиниң баш қәһримани Айсихан ана. Айсихан ана ялғуз оғлини өстүрүп чоң қилиду вә уни өләйду. Өйгә яш келин келиду. Бу келинниң Айсихан аниға болған мунасивити наһайити сус болуп, униңға бәзи қийинчилиқларни елип келиду. Ахири буниңға чидимиған Айсихан ана өзини өлтүрүвелиш дәриҗисигә йетиду. Бирақ, у өзигә қол салалмайду, өмүриниң ахириғичә мошу дәртниң ичидә өтиду.

Язғучи Нәсирдин Давут «Өтнә аләм» намлиқ бу һекайиси арқилиқ инсанларниң бир - биригә болған мунасивитини көрситишни мәхсәт қилған. Айсихан аниниң обризи арқилиқ һекайиниң асасий мәхситигә йәткән. Айсихан ана өзи келин болуп кәлгәндә кейин анисини қандақ қахшатқан болса, келини уни шундақ қахшитиду. Язғучи бу һекайиси арқилиқ худди «Асманға түкүрсәң бешиңға чүшәр», «Яшлиғиңда яхшилиқ қилмиған, қериғанда қаттиқлиқ көрәр» дегән мақалиларни испатлап бериду. Яш келингә өзиниң кейин анисиға яхши муамилә қилишни, әгәр ундақ болмиса, келин кейин ана болғанда, өзиниң муамилиси қайтип келиду, дегән пикирни очуқ айдиңлап бериду.



Язғучи Нәсирдин Давутниң «Өтнә аләм» намлиқ һекайисиниң тәрбийәвий әһмийити наһайити зор.

Нәсирдин Давутниң «Алтун тавақлиқ гадайлар» һекайисида хитай коммунистлири уйғурлар зиминини өзигә егиләп елиштин ташқири, уларни һәр түрлүк һели-нәйраңлири билән инсаний һоқуқлирини дәпсәндә қиливатқанлиғи тоғрисида язиду. Әсәрдә икки хитай зиялийсиниң өз ара сөһбити арқилиқ ривайәткә айланған бай диярниң гөзәл қизлирини алдап, Хитайниң ичкәрки өлкилиригә елип кетип, ресторанларда, меһманханиларда паһшивазлиқ үчүн пайдилиниватқанлиғини паш қилиду.

Әсәрдики иҗабий қәһриманлар Баһаргүл билән Арзигүлләр. Һәр иккилиси сәнъәт мәктивидә оқуш арзуси билән Хитайниң ичкири өлкиригә елип кетилгән. Баһаргүл башқиларниң ярдими билән қутулуп өз журтиға келиду. Арзигүл болса Баһаргүлгә охшаш алдинип, хитай ресторан егилириниң қолида, уларниң күндилик пул тепип бай болиши үчүн хизмәт қилидиған қули. Арзигүлни ресторан хоҗайинлири наркотикқа үгүтүп қоюп, өз қолиға еливалған. У кечә-күндүз наркотик билән өз күнини өткүзиватқан бечарә қиз. Арзигүлни шу язузларниң қолидин қутулдуридиған адәм йоқ.

Әсәрдә мүнбәт бай зиминға егә алтун тавақниң егилири болған уйғур хәлқи униңдин бәһримән болушниң орниға ишсизлик, ғурубәтчилик, тәңсизлик, еғир турмушта яшаватқанлиғини көрситиду. Шундақла, һекайида Хитай һөкүмитиниң уйғур хәлқини җисманий вә мәнивий җәһәттин йоқитишниң, очуғирақ ейтқанда, уйғурларниң нәслини қурутушниң йолиға чүшкәнликлирини очуқ паш қилиду.

Нәсирдин Давутниң «Аччиқ һәқиқәт» намлиқ повести «Пәрваз» журнилиниң 1995- жилиниң 2- санида бесилип чиққан. Повестта 80-жиллардики йеза егилик һаятидики һәқиқәтсизликләр паш қилинған.

Повест «Баһар» меһманханисиға Надир Қадир оғли вә униң шофериниң келип тохтиши билән башлиниду. Меһманханиниң сиртқи көрүниши анчә көркәм болмиған билән, униң ичи азадә, тамлири ақланған, йол - йорук еди. Шофер келип қобулханиниң ишигини чекип, кирип мулазимәтчи аялдин орун керәклигини сорайду. Қобул қилғучи аял меһманханда орунниң йоқлиғини ейтиду. Шу пәйттә сиңлисиниң йолдиши, йәни шу колхозниң рәиси кирип келиду. Улар иллиқ көрүшиду. Колхоз рәиси кейин акисиниң колхозға кәлгәнлигини аңлап дәрру йетип кәлгән еди. У кейин акисиниң сиңлисиниң өйигә чүшмәй меһманханиға чүшкәнлигигә аччиқ қилип, өйигә тәклип қилиду. Надир Қадир оғли униңға миннәтдарлиғини билдүрүп, хизмәт еһтияҗи билән кәлгән адәмгә меһманханиниң қулайлиқ екәнлигини ейтиду. Улар бөлүм ичигә киргәндин кейин бир аз сөһбәтлишиду. Колхоз рәиси бу жиллиқ һосулниң техи жиғилип болмиғанлиғини, мәктәп оқуғучилириниң ярдәм бериватқанлиғини вә көп кишиләрниң шәһәргә көчүп кетиватқанлиғи тоғрисида сөзләп бериду.

Надир Қадир оғли униңдин «немә үчүн?» - дәп сорайду. Акисиниң бу соалиға рәис очуқла, йеқинда кәлгән парторг билән петишалмайватқанлиғини изһар қилиду.

- Һазирқи өзгиришләр һәммини нәк пулға өзгәртиветти. Мал бодаш комплексқа, мәдәнийәт өйигә, балилар өйигә, чарвичиларниң қоралирини ремонт қилиш ишлириға пул йоқ. Бизгә пулни ким бериду, Надир ака? - дәп сорайду колхоз рәиси. Улар узун сөһбәтләшкәндин кейин Әскәр хошлишип чиқип кетиду.

Надир Қадир оғли Әскәрни узатқандин кейин, бөлүм ичидә меңип жүрүп, өтүлгән сөһбәтни мулаһизә қилишқа башлиди. Андин юмшақ орунға кирип көзини жумди. Әскәрниң һазирла ейтқанлири мейисигә кириvелип арамини қоймиди. У йәнә чирақни йеқип, униңға әвәтилгән хәтни оқушқа башлиди. Униңға бу хәтни йезиға йеқинда кәлгән парторг билән сиңлисиниң оғли Данияр язған.

Хәттә йезидики адаләтсизлик, колхозниң иқтисади кирим - чиқимлириниң әмәлийәттә тоғра кәлмәйдиғанлиғини, башлиқларниң йезидики пайдини өзлириниң янчуғиға селиватқанлиғини, жуқуридин кәлгән тәкшүргүчиләрниң һәқиқий әһвални язмастин янчуғиға пул селип кетип барғанлиғи вә башқа нәрсиләр тоғрисида язған. Надир Қадир оғли бу мәсилидә әркин пикир қилип, тоғра хуласә чиқириш үчүн туюқсиз колхоз меһманханисиға чүшүшни нийәт қилған еди.

Әнди Надирниң ой пикри һазирла болуп өткән сөһбәткә көчти. «Әскәрниң сөзлири колхоз әһвалидин көрә өзини көрситишкә урунуп, парторгни әйипләшкә киришиватиду», дәп баһалиди у вә хәттики сөзләрни әсләшкә башлиди.

Әнди униң хияли сиңлиси Мәрийәм тәрәпкә өтти. Надир Қадир оғли ата - анисидин айрилғанлиғини әсләйду.

Урушта атиси қаза тапиду. Кейинирәк анисидинму айрилиду. У алий мәктәпни түгүтүп өзи туғулуп өскән йезисиға келип ишләйду. У бара - бара көтирилип наһийәлик хизмәткә орунлишиду. Сиңлиси Мәрийәм болса, мошу йезиға зоотехник болуп кәлгән әскәргә турмушқа чиқиду вә көп өтмәй оғли Данияр туғулиду. Кейинирәк күйоғли Әскәр колхозниң рәиси болиду. Шуңлашқиму Надир бу колхозға көп кәлмәй, пәқәт жуқурдинла қоллап турди, мана униң ақивити.

Әтиси әтигәндә Әскәр Надирниң алдиға кирип, сиңлиси Мәрийәмниң акисини төрт көзи билән күтүватқанлиғини ейтип уни өйгә тәклип қилиду.

Акиси мақул болуп, авал мал бодаш комплексқа йолуқуп кетишниң керәк екәнлигини ейтиду. Улар комплексқа йолуқуп, андин сиңлисиниң өйигә бариду. Сиңлиси икки қәвәтлик өйдә яшатти. Уларниң турмуши наһайити яхши. Надир сиңлиси билән көрүшүп жозиға олтурушиду.

Бир аз дәм алғандин кейин Надир етизға атлиниду. Етизда кона дости Тохтахун акини учритиду. Улар көрүшүп, узақ сөһбәтлишиду. Тохтахун сөһбәт җәриянида, айлиқ һәққиниң төвәнлигини, колхозда наһәқсизликләрниң барлиғини дәйду.

Надир Қадир оғли меһманханиға қайтип кәлсә сиңлисиниң оғли Данияр уни күтүп туриду. Данияр чоң дадисиға «Полат» йезидики барлиқ һәқсизликләрни сөзләп бериду.

Надир Қадир оғли йеза һаятини тәкшүрүп чиққандин кейин колхоз әзалирини жиғип мәҗилис ечип, өткән ишлардин хуласә чиқирип, кәлгүси ишларни һәл қилиш үчүн қабилийәтлик кадрларни таллаш һоқуқини демократиялик асасида колхозчиларниң өзигә бериду.

Нәсирдин Давутниң «Аччиқ һәқиқәт» повестида демократия вә ашкарилиқ сәяситини коллиниш йоли билән һәқиқәткә йетиш мүмкин, дегән пикирни алға сүриду.

Язғучи Нәсирдин Давут мустәқил пикирлик, өзигә хас усулда қәләм тәврәткән талантлиқ язғучи еди. У өз әсәрлиридә турмуш-һаяттики вақиәләрни реалистик көз қараш билән дадил йезип чиққан.

Нәсирдин Давут вәтәндин яшайрилған, әдипниң һаяти яқа жутларда, колхоз-совхозларда еғир әмгәк билән өтти. У турмушниң еғирчилиғиға бәрдашлиқ берип, аддий инсан болуп яшиди.


ئابدۇرەھىم پاراچ

ئابدۇرەھىم پاراچ 1977 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتى، پەيزىۋات ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پەيزىۋاتتا تاماملاپ، 1995 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (ھازىرقى قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى) تارىخ ـ جۇغرافىيە فاكولتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1997 ـ يىلى ئاتالمىش «ۋەتەننى پارچىلاش»، «مىللى بۆلگۈنچىلىك» جىنايىتى بىلەن خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۈچ يىللىق تۈرمە جازاسى بېرىلگەن. 2013 ـ يىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاپ بېرىۋاتقان بېسىم ۋە تەھدىتلەر سەۋەبىدىن، ۋەتەندىن ئايرىلىپ، 2014 ـ يىلى تۈركىيەگە يېتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بېرى تۈركىيەدە ياشاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ 2003 ـ يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا نەشىردىن چىقىدىغان «تەڭرىتاغ»، «كىرورە»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تۇرپان ئەدەبىياتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»... قاتارلىق ھەر خىل ئەدەبىي ژۇرنال ۋە گېزىتلەردە 100 پارچىغا يېقىن شېئىرى ئېلان قىلىنغان. 2018 ـ ۋە 2019 ـ يىللىرى «ۋەتەنسىز كۈي»، «ھىجران تىنىقلىرى» قاتارلىق ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمى «تۈركىيە ئونۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى. ئۇ ھازىر دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى.

رېداكسىيە

## ئىمان، ۋەتەن، سۆيگۈ

سىنى چۈشەپ قالغان ئۇ كۈنۈم،
كۆز ياشلارغا كۆنۈپ قالىمەن.
مېھرلەرنى باخاشلاپ ئۇزاق،
بىر كىملەرنى سۆيۈپ قالىمەن.

تولغانغانچە قىساس تەپتىدە،
تومۇز كەبى تىنىپ قالىمەن.
ئىبرەتلەرنى ۋاراقلاپ بىردىن،
خىيانەتنى تونۇپ قالىمەن.

مەجنۇنلۇققا سانايسەن ئۇ چاغ،
يولۇمدىنمۇ ئېزىپ قالىمەن.
«ئىمان نىمە؟ ياز!» دىسەڭ بەلكى،
«ۋەتەن!»دەپلا يېزىپ قالىمەن.

سۆيگۈلەرگە بىرىلسە تەبىر،
«ئۇ، ۋەتەن»دەپ بىرىپ قالىمەن.
ھېچنەرسىنى سۆيگۈم يوق تۇرۇپ،
ئۇ ئوتلارغا كىرىپ قالىمەن.

كۈلۈشلەرنى ئۇنۇتقان تۇرۇپ،
بىر ئۆمىدتىن كۈلۈپ قالىمەن.
كۆرگەن چېغىم ئۇندا كۆك ئاينى،
بەلكى شۇئان ئۆلۈپ قالىمەن .

## ئانا

كۆزلىرىڭنى سۆيەلەمىدىم بىلمەيمەن،
ھەر يىرىمدىن ھىس قىلىمەن مېھرىڭنى.
ئانا، سەنسىز ياشاپ نىچۈن
ئۆلمەيمەن؟
چۈشىنەتتىم پەقەت سىنىڭ تىلىڭنى.

دىدارىڭنى كۆرمەپتىمەن يەتتە يىل،
بەلكى سەندە يەتتە تاغنىڭ دەردى
بار.
ئەمدى بىلدىم سەن ئۈچۈنكەن تۆت
پەسىل،
سەن ئۈچۈنلا ياغىدىكەن ئاپئاق قار.

قوللىرىڭنى سۆيەلەمىدىم بىلمەيمەن،
بارمىقىمدىن سىرغىپ تۇرار ھىدلىرىڭ.
دەرتلىرىمنى ئانا ساڭا دىمەيمەن،
سىزىپ تۇرار لېكىن مۇشتەك يۈرىكىڭ.

دەپ بىرىسەن بەلكى كىسەل
كۈنۈمنى،
تاش ئاتقىننى كىم ـ كىملەرنىڭ
كۆزۈمگە.
چۈنكى چايناپ سەن يىگۈزگەن
نىنىمنى،
سىڭىپ كەتكەن ھەر بىر تۈيغۇڭ
تىنىمگە.

## سەندە باھار بولغاندا ۋەتەن

سەندە باھار بولغاندا ۋەتەن،
بۇ تىللىرىم سۆزلىيەلەرمۇ؟
دۈمچەك ئانا قەبرە بىشىدا،
ئۆز ئوغلىنى تونىيالارمۇ؟

بۇ يۈرەكلەر بىرەرمۇ بەرداش،
جاراڭلىسا ئەزان ھەر تاڭدا.
لەپىلدىسە ھۆرلۈك بايرىقى،
رەڭ تالىشىپ كۆپكۆك ئاسماندا؟

پاش بولىدۇ تۆكۈلگەن قانلار،
ئىززەتلىرى نابۇت بولغان تەن.
ئېچىلىدۇ رەھىمسىز سىرلار،
سەندە باھار بولغاندا ۋەتەن.

## تاتلىق ئۆلۈم

گۈللىرىڭنى پۇرىۋالسام،
ھەر كوچاڭدا يۈرىۋالسام.
باغرىم يېقىپ چۆللىرىڭدە،
قېنىپ ـ قېنىپ يىغلىۋالسام.
ئىرىپ ـ ئىرىپ ئاشىق مىسال،
مېھىر بىلەن بىرىپ سۇئال،
ھەر يۈرەككە يېغىۋالسام،
كۆزلىرىدە قونىۋالسام.
تاۋۇتۇمنى كۈلەر تەۋرەپ،
باخاشلاپلا ئۆلىۋالسام.

سەندە ئۇ ھال، جىنىم قالدى،
ئاي مەلىكەم خىنىم قالدى.
ئۆلار بىلەن يۈرىۋالسام،
ھەر يىرىمگە سۈرتىۋالسام،
بولدۇقلارمۇ ئۈمىدلىرىم،
باغراش كەبى تىنىۋالسام.
سۆيگەن كۆڭۈل يىرىم قالدى،
كۆيۈپ ـ كۆيۈپ كۈلۈم قالدى.
پۈۋلەپ بەرگىن يىنىۋالسام،
قەشقەر ئۈچۈن كۆيىۋالسام.

سۇنۇپ بولدى پۇچۇق يۈرەك،
داۋاسىنى سورىۋالسام.
مەۋجۇدلۇقنى ئۇنتۇپ تۇرۇپ،
بوۋاق كەبى ئىمىۋالسام.
رەقىپلەرنىڭ قېنى كىرەك،
چىشلەپ ـ چىشلەپ شورىۋالسام.
مەيلى ئىدى ئۆلسەم دىمەك،
تاتلىققىنە كۆيۈپ تۇرۇپ
قېنىپ ـ قېنىپ سۆيىۋالسام.

## بىر باھار كېلەر

قارنىڭ ئاستىدا كۆكلەيدۇ مايسا،
قۇشلار سايرىغان بىر باھار كېلەر.
جۇدۇن دەھشىتى ئۆتتى سۆڭەكتىن،
جانلار يايرىغان بىر باھار كېلەر.
تاڭ، ئەتە بەلكىم ئۈمىدلەر يېقىن،
بايرام قايىنغان بىر باھار كېلەر.

كىملەر كىم ئەسلى؟ بىلىسەن چوقۇم،
دەيسەن ھەممىگە «بۇ مېنىڭ يولۇم»،
يىغلايدۇ ياۋلار، يىغلايدۇ يۇم يۇم،
تورۇيدۇ تەختى، بولىدۇ كۇكۇم،
قالماس نىشانى ھەتتا بىر ئۈچۇم،
ئارمان قالمىغان بىر باھار كېلەر.

بۆرە قوزىدەك ھەق كۆرۈنسىمۇ،
شالنى چېچىپ راست كۆيۈنسىمۇ،
زالىم كۆرەڭلەپ ھەق ئىگىلىسىمۇ،
مەزلۇم گاھىدا ئېغىر تىنسىمۇ،
بەزىدە سۇسىز گۈللەر سۇلسىمۇ،
ئايرىلىپ سامان بىر باھار كېلەر.

تىكىلىنەر ئۇ كۈن بەھەيۋەت بىر دار،
دەۋر يېڭىدىن بىر تارىخ يازار،
دىمەك، كۈتۈلگەن ھۆرلۈك نۇر چاچار،
ۋەتەن ساڭا بەس، كەلگ قۇچاق ئاچار،
تاللار سۆيىشەر، ئىرىيدۇ قارلار،
بايرام قايىنغان بىر باھار كېلەر.

بولمايدۇ ھەر چاغ قەلبلەرسۇنۇق،
ئەمەسمۇ ئاينىڭ ئۇن بەشى يورۇق،
ئەمەس بەخشەندە بىزگە بۇ قۇللۇق،
تۇغۇلار چوقۇم بىر ئۆمەر فارۇق،
تۇغۇلار سادىر، تۇغۇلار ساتۇق،
ئۆرگۈلۈپ زامان بىر باھار كېلەر.

## ۋەتەنسىراش

ۋەتەنسىراپ كەتتىم شۇنچىلىك،
يېرىق يېرىق كۆرىنەر دۇنيا.
يوق بۇ يەردە سەھرا شەھەرلىك،
قىلالمايدۇ مىنى مەھلىيا.

گۈلنى گۈلگە ئوخشىتالمىدىم،
كوچىلارمۇ شۇنچىلىك رەڭسىز.
يا ئۈزۈمنى خوش ئىتەلمىدىم،
مەسجىدتىمۇ مەنىلا ۋەتەنسىز.

ئۆز تىلىمدا سۆزلەپ تۇرسامۇ،
ۋەتەنسىراپ كەتكىنىم ئېنىق.
ئۇيغۇر بولۇپ كۆرىنەر تامۇ،
تىرناقلىنىپ سىڭگەندە تىنىق.

ئۇيغۇرسىمان كۆزلەر ئوخشىماس،
ئاجىزغىنە ھېچ يار يۆلەككە.
قانداق ياقسۇن ئالقىش گۈلدۈراس،
ۋەتەنسىراپ كەتكەن يۈرەككە.

## ياز ! دېدى قەلبىم

كۆيگەندە ئەلنىڭ بېشىدا بىر ئوت،
سۆيەلمىگەندە ئۆزۈڭنى جېنىم.
قەلەملەر سۇنۇپ، ئۆلۈپتۇ دۇنيا،
ياز! دىدى بۈنى، ياز! دىدى قەلبىم.

مېھرىدە سىنچاي ئىچىلگەن چېغى،
پىيالىسىدە خىيانەت دېغى،
دىگەندە بۈنى «ھايات چاقچىقى»،
ياز! دىدى بۈنى، ياز! دىدى قەلبىم.

يالغان گۈل بولۇپ ئېچىلغان دەمدە،
ئىز سالسا ئالداپ بىغۇبار لەۋدە،
ھايات مەسخىرە قىلىپ كۈلگەندە،
ياز! دىدى بۈنى، ياز! دىدى قەلبىم.

ساداقەت بىرىپ تۆكۈلگەندە ياش،
سەممىيەتكە ئېتىلغاندا تاش،
ھار كەلگىنىدە ئادەمدەك ياشاش،
ياز! دىدى بۈنى، ياز! دىدى قەلبىم.

تومۇز پەيتىدە تىترىگەندە يەر،
قەلبلەر سوغۇق مۇزدىنمۇ بەتەر،
كۆرۈنگەن پەيتى شۇنداق ھەممە يەر،
ياز! دىدى بۈنى، ياز! دىدى قەلبىم.

سۇلغاندا گۈلنىڭ شاخلىرى سۇنۇپ،
پەرۋانە بۇلبۇل قاراپ ئولتۇرۇپ،
نامەرت بىتتىگە بۈنى تولدۇرۇپ،
ياز! دىدى بۈنى، ياز! دىدى قەلبىم.

## كۆيۈك

يۈرەكتە تالاي دەرتلەر ياتىدۇ،
كۆزلەر ھىجراندىن يىغلاۋاتىدۇ.
شۇنداق بولسىمۇ بىلەمسەن جېنىم،
يەنە ئالەمچە سۆيگۈ پاتىدۇ.

ئەمەسمۇ كۆڭۈل سۆيگۈدىن پۈتكەن،
ياردىن مېھر كۆكلەۋاتىدۇ.
دىمىگىن «كىملەر ۋىسالغا يەتكەن؟»
بىر سۆيگۈ دىلنى ئۆرتەۋاتىدۇ.

سىماسلىڭ قالغاچ تۇرىمەن ئويغاق،
بۇ ئوت يالقۇنى ئۆچمەيۋاتىدۇ.
ئىشىق ئوقىنى ئاتسامۇ بىراق،
مىنىڭدىن ساڭا كۆچمەيۋاتىدۇ.

مۇشۇنداقمۇ يا مۇھەببەت دىگەن؟
بىر ئۈمىد بولغاچ ئۆلمەيۋاتىدۇ.
شۇنداق بولامدۇ پىراقتا كۆيگەن؟
ھېچبىر يۈرەككە كۆنمەيۋاتىدۇ.

ئۇنۇتقان چېغىم ئوتتىن باشقىنى،
كۆزلەر باشقىنى كۆرمەيۋاتىدۇ.
بىر تاتلىق ئۆلۈم يا ۋىسال قېنى؟
جان قىينالغانچە كەلمەيۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ӨТМҮШИМИЗГӘ ВӘ БҮГҮНКИ КҮНИМИЗГӘ БИР НӘЗӘР



**Осман Турди**

Биз Бишкәк шәһири вә униң әтрапидики йеза, қишлақларда 1955- жилидин башлап вәтинимиз Уйғуристанниң Или вилайити вә Чөчәк вилайәтлири әтрапидин Хитай зулумиға, сәясий бесимлириға, турмуш қийинчилиқлириға бәрдашлиқ берәлмәй, һәр түрлүк йоллар билән келип маканлашқандин кейин, өз тиришчанлиғимиз билән тезла өз есимизни жиғип, колхоз, совхоз вә шәһәрдики завод - фабрикиларға ишқа орунлушуп, өз тирикчилигимизни йолға селивалдуқ. Мәһәллә - жут болуп яшидуқ. Әл - жут , мәһәллә болғандин кейин, той - төкүн , өлүм - житим, нәзир - чирақ дегән нәрсиләр болуп туридикән. Шу чағда тәдбирчан мәһәллә башлиқлири вә жигитбешилири арқилиқ барлиқ ишлиримиз мәслиһәт, наһайити жиғинчақ, сәрәмжан өтәтти. Жамаәт ичидә иттипақлиқ, көйүмчанлиқ, бир - бирини йөләш адәткә айланған.

Шу мәзгилләрдә той қилмақчи болсиңиз ( никаһ той яки сүннәт той)， жигитбеши яки мәһәллә ақсақалларниң алдиға берип мәслиһәт селип, қол йетишичә қилип, жамаәтни узитатти. У чағларда барлиқ өткүзилидиған той - төкүн, нәзир - чирақларниң һәммиси өз кора- жайлирида өткүзилатти. адәм саниму 100 - 150 әтрапида, үстәлләрму әһвалға яриша раслинатти. Бу тойларға өз мәһәллиниң сазәндилири чақирилатти. Тойлар аддий - саддә, мәзмунлуқ, чирайлиқ өтәтти. Аз - тола уссул, өрүмләр болатти. Ғерип чағлар болғачқа бизниң нахшилиримиз муңлуқ еди.

Әнди өлүм - житим ишлиримизму өз қаидә юсунимиз бойичә чирайлиқ бир тәрәп қилинатти. Нәзир - чирақлар өз өйидә аддий - саддә өткүзиләтти. У чағларда турмушқа яриша өлүмниң 3, 7 си, пәйшәмбиликлири қол йетишичә болатти. Пәйшәмбиликләр өз туққанлири билән аз - тола яғ пуритиш билән өтәтти. Қисқиси, шу чағларда турмушимиз хатиржәм, күнимиз хошал-хорам еди. Балилиримиз мәктәптә оқатти. У чағда балилар оқуш билән чоңлар иш билән болса, анилар өй иши, бала тәрбийәләш биләнла мәшғул еди. Путун аилә хатиржәм яшиған, көңүл ағритиш, көңүлсиз ишлар болматти десәкму болиду. Шундақ қилип, биз уйғурлар, қирғиз, оруслар вә башқа милләтләр билән инақ - иттипақ яшап өттуқ. Жиллар өтти. Аста - аста аилиларму имканийәтләргә қарап завод - фабрика, сода саһасиға кирип ишләшкә башлиди. Аяллар әрләргә, қиз - чоканлар ата - анисиға ярдәмдә болушти. Буниң билән турмуш техиму яхшиланди. Әвлатму яхши тәрбийәлинип, инсавий барлардин болуп йетишти. Һәммә аилә инақ, хатиржәм яшашқа башлиди.

1991- жили Совет һакимийити парчилинип, Қирғизстан өз әркинлигини қолға алди. Демократия йетип келип, һәммә әркин һес қилди. Жамаәт базар егилигигә йүзләнди. Һәммә адәм сода - сетиқ билән шуғуллинип, базар егилигини коллиди. Бишкәк шәһириниң бир нәччә жайлирида базарлар ечилди. Хитай билән сода алақә башлинип чегара ечилди. Әнди сода техиму қизип, қирғизстанлиқлар Үрүмчи, Ғулжа, Қәшқәр, һәтта Хитайниң ички өлкилиригә йетип барди. Сода ишиға уйғурлар әр - хотун киришип кәтти. Хәлиқ турмуши бирдинла көтүрүлди. Болупму, сода билән шуғулланған уйғурларниң турмушида зор өзгүрүшләр болди. Чоң кафелар, ресторанлар барлиққа кәлди. Тойлар ресторан, кафеларға йөткилип, чақирилидиған адәмләр 300 - 600 гичә йәтти. Һәммә киши той - төкүн, нәзир - чирақ, сүннәт той, туғулған күн дегәнләрни өйидә әмәс, ресторан, кафеларда өткүзидиған болди. Үстәл үстигә қоюлған назу - немәт, қаза - карта, тоху, белиқлардин башқа бирнәччә түрлүк сәйләр қоюлидиған болди. Тойларға нахша - саз чалидиған өзимизниң сазәндилири турса, Алмута вә башқа шәһәрләрдин чақиридиған болди. Өзимизниң уссулчи қизлиримиз турса, башқа уссулчиларниң чақиридиған әһваллар пәйда болди.

Әнди нәзир - чирақка келәйли; әнди нәзир - чирақларму ресторан, кафеларда өткүзүлидиған болди. Қилинған зияпәт тойдинму келишмайду. Бу йәргә шәһәрдин һалиқларни таллап чақириду. Чақирилған адәм 300 - 400 дин кам әмәс.

Мошу ишқа һәйран қалисән. Қолида барлар шундақ той, нәзир - чирақларни өткәзгинини көргән башқилар « ешәк - ешәктин қалса қулуғини кәс» дегәндәк, уни дорап путун бесатини хәшләйду, яки қәриз болуп қалиду.

Товва дәйсән, һазир мәшрәпләрму кафеларниң айрим ханилирида өткүзиливатиду. У, қандақ мәшрәп болсун. Мәшрәп дегән билим дәргаһи, уни өйиндә өткәзсәң, наһайити яхши болатти. Бу йәргә официанткидин башқа һечким кирмәйду. Мәшрәптә ейтилған нахша - сазларни мәшрәп әһлидин башқа һечким аңлимайду. Мәшрәпниң алаһидилиги шуки, мәшрәпу әдәп - әхлақ, билим дәргаһидур.

Әнди аяларниң чейи һәққидә; аяллар бурунму чай ойнайдиған. У



чайлар өйдә чирайлиқ дәстархан растлап өткүзиләтти. У чайлардин өйидики келин - кетәк, қизлар тәлим елип, дәстиханни қандақ раслаш, меһманни қандақ күтүш вә бәзи яхши әхлақий пәзиләтлирини үгүнәтти, аялларниң өз сазәндилири болатти. Улар ейткән нахша - сазлардин өйдикиләрму бәһримән болатти.

Демәк, жәмийәттә өзгүрүшләр болди. Һәрхил бемәна ишлар көпийишкә башлиди. Буни күзитип бәзи кишиләр гезит вә радиоларға




хәлиқни аддий - саддилиқ, хәтәрлик билән исрапхорлуқтин нери болушқа чақирип мақалиларни язди. Һөкүмәтму хәлиқни той - төкүн, нәзир - чирақларни, өлүмләрни өз ара туққанлар биләнла өткүзүшни тәвсийә қилиду.

Буниңға һечким қулақ салмиди. Әйши - ишрәт, бузуп - чечиш, яшлар арисида һаясизлиқ көпийишкә башлиди. ата- анилар чарисиз қалди. қиз - оғуллар тез той қилип, тез ажришидиған әһваллар көпәйди. Мана һаят шундақ әһвалға дуч кәлгәндә, туюқсиз коронавирус баласи пәйда болди. 2019 - жилиниң башлиниши билән дуния йүзидә вә Орта Асиядә коронавируси кесили тарқилишқа башлиди. Бу, бурун көрүлүп бақмиған кесәл болғачқа һөкүмәтму, хәлиқму гаңгирап қалди. Адәмләр яш - қери, бай - гадайға қаримай, күнигә 10- 20 дин өлүшкә башлиди. Бу кесәлгә мұптила болған бәзи аилиләрдә ата - бала, әр - хотун арқа - арқидин қаза болди. Шуниң билән жамаәт ичидә бир түрлүк вәһимә пәйда болди. Һөкүмәтму ухтуруш чиқирип, өлгәнләрни уруқ - туққан, қоми - қериндашлар билән йөрләшни ухтурди. Бу жукумлуқ ағриқ болғачқа буниңға қаттиқ дучар болғанлар чарисиз вапат болмақта.

Һазир жамаәт ичидә сәвирчанлиқ пәйда болди. Адәмләр, бу ағриқтин сақайғанларму көпләп болди. Һазир һөкүмәтму, дохтурларму бу ағриққа қарши чарә - тәдбирләрни қиливатиду.

Әнди шуни ейтиш керәкки, бурунқи йоғанчилиқ, исрапчилиқ пәсәйди. Тойларниң көпинчиси тохтиди. Илажи йоқ той қилишқа мәжбур болғанлар 80 - 100 адәмләр билән өткүзиватиду. Нәзир - чирақларму уруқ - туққан, холум - хошна, 50 - 60 адәм билән өткүзүватиду.

Бу немәликтур десиңиз, адәмләр коронавирусидин чөчиди. Бу коронавируси қаяқтин пәйда болди, мән уни билмәймән. Буни қудрити Аллаh өзи билиду. Бизму мусулманлар( уйғурлар) көп гунаһларни садир қилдуқ, һелиму садир қиливатимиз. Биз гунаһкар бәндиләр Аллаh-Таалаға гунаһлиримизни кәчүрүшни сорап дуа қилишимиз керәк. Аллаhниң қудритини тонушимиз керәк. Аллаh кәчүрүмчан. Биз барлиғимиз бир нийәткә келип, кәчүрүм сорисақ, меһри улуқ Аллаh кәчүрәр.

Келинлар, һәммимиз бирликтә Аллаhға кәчүрүм сорап дуа қилайли. Аллаh-Таала дуаримизни қобул қилип, бу балайи - апәттин бизни сақлисун!

# Тарихчи, әдиб Турғун Алмасни әсләймән

## (Турғун Алмас вапатиниң 20 жиллиғиға даир)

*(Ахири. Беши 10-бәттә)*

2001- жили әтиязниң бир күни, Уйғур автоном районлуқ опера өмигидә ишләйдиған Рәһманжан Авут билән иккимиз опера өмәк қорасидин чоң базар тәрәпкә өтмәкчи болуп, иттипақ йоли йәр асти тоннелниң пәләмпийидин чүшүп кетиветип, пәләмпәйдә олтуруп қалған Турғункамни көрүп қалдуқ. Кишиләр униң йенидин өтишип туратти, иккимиз дәрһал берип уни йөләп турғуздуқ. Андин пәләмпәйдин йөләп елип чиқип, униңдин әһвал соридуқ. Униң нәччә ай илгирики һали қалмиған еди, у техиму қерип кәткән еди. У өзиниң Дөңкөврүктики бир дукандин пахтидин ишләнгән ич кийим елиш үчүн кәлгәнликини, лекин тапалмай езип қалғанлиқини ейтти. униң излигини дөңкөврүктики туңган мәсчитниң йенидики бир дукан еди. Биз уни йөтиләп йәр асти тоннелдин өтүп, ашу дуканға елип бардуқ. у ич кийимләрдин бир нәччини сетивалди. Андин биз бир такси тосуп, уни өйигә елип маңдуқ. Такси әнди қозғилишиға, у Иттипақ театриниң алдида тилимлап сетиливатқан тавузни көрүп йегүси кәлгәнлигини ейтти. Биз таксини тохтаттуқ. Рәһманжан таксидин чүшүп чоң бир тилим тавуз елип кәлди. Турғункам таза уссиған еди, таксида маңғач тавузни пак-пакиз йәвәтти. Яшлар бағчисиниң йенидин өтиватқанда, Турғункам туюқсиз маңа қарап: «Сили Әхмәтжан Қасимни көргәнғу һә?» дәп сориди. мән: «Як, мән көрмигән» дедим. У қайта гәп қилмиди.

Қора алдида Турғункамниң аяли сақлап турған екән. Униң нәқәдәр җиддийләшкәнлиги чирайидин чиқип туратти. У бизниң Турғункамни сақ-саламәт әкилип қойғанлиғимиздин хуш болуп рәхмәт ейтти, амма дәрһалла Турғункамниң өзи ялғуз өйдин чиқип кәткәнлигини таза әйиплиди. Һәр даим қәддини тик тутуп маңидиған Турғун Алмас худди тәнбиһ аңлиған кичик балидәк, аялиниң алдида гәп–сөз қилмай бешини егип маңғанчә өйигә кирип кәтти. Униң ни-ни боран-чапқунларда пүкүлмигән қәддини мана әнди қерилиқ пүккән еди. Бу мениң Турғун Алмасни ахирқи қетим көришим болуп қалди.

2001-жили, 11-сентябрь күни, уйғур үчүн икки чоң вақиә йүз бәрди: әдиб, тарихчи, уйғур хәлқиниң пәхирлик оғли Турғун Алмас вапат болди вә Америкида мисли көрүлмигән террорлуқ һуҗуми йүз бәрди. Мениңчә, бу күн уйғурға нисбәтән бир дәврниң ахирлишиши вә йәнә бир дәврниң башлиниши болуп қалди. 20 жил өтүп, уйғурлар инсанийәт тарихида кам учрайдиған иркий қирғинчилиққа йүзлинип, һаят-маматлиқ пәйттә туриватқан бүгүнки күндә бәлким нурғун кишиләр бу нуқтини чоңқур һес қилған болуши мумкин.

Турғун Алмас вапат болғанда мән Бай наһийәсидә «Қараңғу тағ» намлиқ филимни ишләвататтим. Униң мийитини узитишқа қатнишалмиғанлиғимға әпсусләндим. Амма уйғурларниң мәнивий түврүклириниң бири болған Турғункамни һәр даим яд етип туримән. Мениңчә, бизниң әвлатлиримизму чоқум шундақ қилиду.

**Таһир Һамут Изгил,**
**2021-жили, 11-сентябрь,**
**Вирҗиния штати, АҚШ,**
**turkistantimes.com топтин елинди**

# Тәзийәләр



30- август күни Алмута шәһиридә,
Қазақстанда тонулған язғучи,
журналист, «Әркин Асия» радиосиниң
Қазақстандики сабиқ мухбири
**Алимҗан Бавудунов**
73 йешида вапат болди.
Алимҗан Бавудунов 1948 – жили

Уйғуристанниң Чилпәңзә наһийәсидә туғулған. XX – әсирниң 60-жиллири ата-аниси билән Алмута вилайитиниң Қаратуруқ йезисиға көчүп чиқип, оттура мәктәпни тамамлиған. У 1980 – жили Қазақ дөләт университетиниң журналистика факультетини путтүрүп, Челәк наһийәлик «Әмгәк туғи» гезитидә һәр хил лавазимларда ишлигән. 1973 – жили Алимҗан Бавудунов «Коммунизм туғи», йәни һазирқи «Уйғур авази» гезитигә ишқа орунлишип, мухбир болуп ишлигән, шу гезит йенидики әрәп уйғур йезиғидики «Йеңи һаят» гезитидә җавапкәр катип лавазимида, кейинки пәйитләрдә «Бизниң заман» гезитидә ходим болуп ишлигән.

Өткән әсирниң, болупму 70-80-жиллири Қазақстан уйғур әдәбияти өз тәрәққиятиниң әң егиз чоққисиға йәткән жиллири еди. Мана шу жилларда Зия Сәмәди, Һезмәт Абдуллин, Җамалдин Босақов, Илия Бәхтия, Қурбан Тохтәмов, Долқун Ясинға охшаш Қазақстан уйғур әдәбиятиниң жирик вәкиллири яшиған вә иҗадийәт қилған. Алимҗан Бавудунов әнә шу пешқәдәм язғучи, шаирларниң излирини давамлаштуруп, Қазақстан уйғур әдәбиятиниң проза жанрида көрүнәрлик төһпә яратқан язғучи, журналист еди.

Алимҗан Бавудунов онлиған һекайә вә повестьларниң, шуниңдәк «Мәһбус», «Җаду», «Өтнә аләм», «Бири кәм дуния» романларниң автори.

**Алимҗан Бавудуновниң** вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә изһар қилимиз.

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити.***



Чуй вилайити, Аламедин наһийәси,
Лебединовка йезисиниң турғуни
**Ташметов Сейтахун Розахун оғли**
вапат болди.
Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, уруқ-туққанлириға қайғуруп тәзийә билдүримиз.

**Лебединовка йезисиниң уйғур җамаәтчилиги**



Бишкәк шәһири, Тиливалди һаҗим Иминов башчилиғидики оттуз оғул мәшрәп әһли,
мошу мәшрәпниң әзаси
**Нижат Әхмәт оғлиниң**
вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдуриду.



Чуй вилайити, Иссиқ-Ата наһийәси,
Ново-Покровка йезисиниң турғуни
**Мамбетова Буайшәм Нурмәмәт қизи**
57 йешида вапат болди. Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумәниң аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

**Ново-Покровка вә Көк-Яр йезилириниң уйғур җамаәтчилиги**



Чуй вилайити, Иссиқ-Ата наһийәси,
Ново-Покровка йезисиниң турғуни
**Садирова Мәрийәм Юсуп қизи**
қайтиш болди. Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумәниң аилисигә, уруқ-туққанлириға қайғуруп тәзийә билдүримиз.

**Ново-Покровка йезисиниң уйғур җамаәтчилиғи**



Қирғизстанниң Чүй вилайити, Аламедин наһийәси, Лебединовка йезисидики Кәнжихан Моллахунова башчилиғидики бир группа чай ойнайдиған аяллар, мошу чайниң әзаси
**Зәйнәп Мухәммәтрәхимованиң**
вапат болуши мунасивити билән мәрһумәниң аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүриду.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ПОЗДРАВЛЯЕМ!





Наши дорогие молодожены Касымжан и Гульназ, Юсупжан и Диёра, мы от всего сердца и искренне поздравляем Вас с большим событием в Вашей жизни – бракосочетанием! Вы вступили в большую и взрослую жизнь. От всей души желаем Вам счастливой и доброй совместной жизни, и чтобы вы были образцовыми семьями среди нашего народа. Пусть для Вашей молодой семьи светит солнце радости, пусть муж всегда будет опорой для жены, а жена – вдохновением для мужа. Пусть никогда не исчезнут радость и счастье на Ваших лицах. Держитесь друг за друга на протяжении всей Вашей жизни. Желаем Вам семейного благополучия, счастья и крепкого здоровья. Берегите свою ЛЮБОВЬ!

***Общественное объединение уйгуров «Иттипак» КР.***



## *Началась подписка на газету*

«Иттипак» на 2022-й год.
Стоимость годовой подписки – **400** сом.
Желающие подписаться обращаться к жигитбеши своего района или в редакцию газеты «Иттипак».

**هۆرمەتلىك گېزىتخان ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىدا چىقىۋاتقان «ئىتتىپاق» گېزىتىڭىزغا 2022 ـ يىلىغا مۇشتىرى توپلاش ئىشى باشلاندى. گېزىتكە ئۆزىڭىز تۇرۇۋاتقان جايلاردىكى ژىگىت باشلىرى ۋە گېزىتىمىزنىڭ جانكۆيەرلىرى ئارقىلىق يېزىلىشىڭىزغا بولىدۇ. گېزىتىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 400 سوم.**

звезда спорта

# Высоко поднятый флаг Кыргызстана

В последнее время, нас, кыргызстанцев радуют спортивные успехи наших спортсменов на международной арене и на чемпионатах Азии и мира.

Наглядным свидетельством тому является блестящая победа Сабита Шамсидинова на мировых играх среди школьников, которые проводились в г. Белград (Сербия) с 11 по 19 сентября сего года, в которых приняли участие спортсмены из 45 стран мира по всем видам спорта.

Соревнования по греко-римской борьбе проводились с 13 по 14 сентября, в которых участвовали спортсмены из Сербии, Бразилии, Молдовы, Азербайджана, Кыргызстана, Венгрии, Хорватии, Англии и других стран.

Кыргызстан участвовал на этих играх впервые.

Из десяти весовых категорий кыргызстанцы завоевали медали во всех весовых категориях (3 золота, 6 серебро, 1 бронза).

Среди них обладателем золотой медали в весовой категории 57 кг. стал Шамсидинов Сабит из микрорайона «Аламедин-1» г. Бишкек.

В общекомандном зачёте Кыргызстан занял второе место. Первое место заняла команда из Украины, а третье место - Сербия.

Шамсидинов Сабит родился 28 апреля 2006 года в г Бишкек.

На данный момент учится в девятом классе в Лебединовской школе-гимназии N1. С 7 лет занимается греко-римской борьбой.



Первым его тренером и по сегодняшний день является Рустам Ушуров из династии семьи Ушуровых (его отцом является заслуженный тренер КР Фархад Ушуров и дядя Шухрат Ушуров-заслуженный тренер КР, которые работали тренерами в 2003 - 2020 годах в спортклубе «Беркут», в котором президентом клуба являлся и является) Сыдыкжан Юсуподжиев.

Рустам Ушуров - мастер спорта КР, тренер-преподаватель по греко-римской борьбе, окончил КГАФиС (Кыргызская государственная академия физической культуры и спорта) в 2015 году, работает тренером с 2018 года в спортивной школе им.Р. Санатбаева Свердловского района г.Бишкек, где здесь также работают тренерами его отец и дядя Фархад и Шухрат Ушуровы. Сабит Шамсидинов является чемпионом нашей республики и многократным чемпионом и призёром многих международных спортивных турниров. Участвовал в спортивных соревнованиях в России, Турции, Казахстана, Узбекистане и в других странах. Его заветной целью является стать олимпийским чемпионом.



С тренером Рустамом Ушуровым

Семья Шамсидиновых - большая и дружная семья. Мама - Гюзяль Абдукаимовна-домохозяйка, отец - Нижат Сыдыкжанович - бизнесмен, в прошлом спортсмен, мастер спорта Кыргызстана по греко-римской борьбе, участник чемпионата мира среди молодёжи 1998 года (Финляндия). В семье четверо детей (Сабитжан второй среди детей).

Мы от имени Общества уйгуров «Иттипак» КР и газеты «Иттипак» от всей души поздравляем Сабитжана Шамсидинова с золотой медалью мировых игр среди школьников, желаем больших спортивных успехов на чемпионатах нашей республики, на международных турнирах, Азии и мира, крепкого здоровья и высоко нести знамя спорта Кыргызстана на мировых аренах.

P.S.

Тренер Рустам Ушуров набирает детей в секцию греко-римской борьбы Контактный телефон: **0702 444 044**



Встреча в редакции газеты «Иттипак»

**Абдурахим Хапизов.**

Фото из личного архива С. Шамсидинова